

BULAK

بۇلاق

2016

3

ISSN 1005-0876

9 771005 087006 06>

源泉 (布拉克) ◉ BULAK

«تەرەققىيپەرۋەر زات تاشئاخۇن ئەزىزى ۋە ئۇنىڭ سودا - سانائەت كارخانىسى»

ناملىق ماقالىگە مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەر





ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنىلى

بۇلاق

38 - يىل نەشرى   ئومۇمىي 168 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

سېخىيلىق ئادەمنىڭ بەدىنىدۇر،

ھىممەت بولسا ئۇنىڭ جېنىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائىي

ئالدىرماي كۈتكۈلۈك ئىشقا پەيتىنى دەل،

ئەي ھەكىم، ئىش بولۇر ئۆز پەيتىدە دەل.

— قۇتادغۇبىلىك —تىن

بۇلاق

2016 ـ يىللىق 3 ـ سان

باش مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

بۇ ساندا

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

دىۋانى سۇلتان ھۇسەين مىرزا بايقارا .... سۇلتان ھۇسەين مىرزا بايقارا (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: گۇلئايىم ياقۇپ، ئوبۇلقاسىم مەمەت

دەربەيانى سايرام .... موللا قۇتلۇق نەزەربەگ مۇھتەسىب، موللا كەنجى خاتىپ سايرامىي (47)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: روزى ھاپىز

بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز

گۆرۈكەشلىك، سەرراپلىق، بانكا ۋە سودىگەرچىلىكنىڭ بايانى........................ (59)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

«ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە» ــ شاھ مەھمۇد چۇراسنىڭ ئەسىرى .... ئۆمەرجان نۇرى (72)

مەدەنىيەت تەتقىقاتى

تەرەققىيپەرۋەر زات تاشئاخۇن ئەزىزى ۋە ئۇنىڭ سودا ـ سانائەت كارخانىسى ....
.... مۇھەممەت قاسىم، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم پالتۇ (79)

مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايە

ئەلجەبىرنىڭ تۇغۇلۇشى .... مىركەرىم ئاسىم (86)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەھمەدجان ئابدۇرەھىم

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

شۋېتسىيەلىك مىسسىيونېر سىگفرىد موئېن توپلىغان ئۇيغۇر خەلق بېيىت ـ قوشاقلىرى .... (101)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مامۇتجان ئىمىن ئېلتېكىن
ھەسەن بىلەن زۆھرە .... (107)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇقادىر سادىر

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: «دىۋانى سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا بايقارا»نىڭ پارىژ مىللەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 993 ـ نومۇرلۇق قول يازمىسىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەت (مىنىئاتورا)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇتەللىپ ئىسمايىل
ياردەمچى مۇھەررىرى: دىلئارام باھاۋىدىن
كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات
خەتتات: مۇھەممەد ئىبراھىم ھۇنبەگ

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@aliyun . com
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

دىۋانى سۇلتان ھۈسەين مىرزا بايقارا

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: گۈلئايىم ياقۇپ، ئوبۇلقاسىم مەمەت

نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن: سۇلتان ھۈسەين بايقارا ــ تېمۇرىيلەر ئىمپېراتورلۇقىنىڭ كېيىنكى داۋامى بولغان خوراسان دۆلىتىنىڭ شاھى، شۇنداقلا ئەدىب بولۇپ، تارىخىي ئەسەرلەردە نەۋائىينىڭ يېقىن دوستى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ «دىۋانى سۇلتان ھۈسەين مىرزا بايقارا»، «رىسالەئى سۇلتان ھۈسەين بايقارا» ناملىق ئىككى پارچە ئەسىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. «دىۋانى سۇلتان ھۈسەين مىرزا بايقارا»نى كاتىپ ئەلى شىرازىي ھىجرىيە 978 (مىلادىيە 1570) ـ يىلى كۆچۈرۈپ چىققان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەر ھازىر گېرمانىيەنىڭ بېرلىن شەھەرلىك كۇتۇپخانىسىدا HS.or.10434 نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەسەر تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان، ھەربىر بەتكە سەككىز ـ توققۇز قۇر يېزىلىپ، رەڭلىك رامكا ئىچىگە ئېلىنغان.

بۇ قول يازمىنى نەشرگە تەييارلاشتا مەتنشۇناسلىق ئىلمىنىڭ پرىنسىپىغا ئاساسەن ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئوقۇلغۇ قىلىندى.

دىۋانى سۇلتان ھۈسەين مىرزا بايقارا


گنج تاپسه منعم اولماس کیمنی سین قیلیانک فقیر
گنج بیرسه مفلس اولماس کیمکا سین بیرسانک غنا
کونکلوم ایت معمور مهرینک بیرله لیکن قیلماغیل
نفس آندا قیلغالی حرص و هوس طرحین بنا
خسته کونکلومنی اوزونکدین اوزکادین بیگانه قیل
اوزکادین بیگانه قیلغاچ قیل اوزونکا آشنا
ظلمت هجرانینک ایچره یول آزیب سرگشته مین
اوز اوزونک ساری هدایت شمعی بیرله اهدنا
لطف ایت عشاق را یا رب نوا قیلغیل نصیب

ئەي ھەبىيبىڭدىن [كېلىپ] ھەمدىڭدە «لا ئۇھسا سەنا»،
ئول چۇ ئاجىز بولسا، ۋەسفىڭ كىم قىلا ئالغاي يانا.
كامۇ راھەتدە سېنىڭ شەۋقۇڭداغى ئەندۇھۇ غەم،
ئەيشۇ ئىشرەتدۇر سېنىڭ ئىشقىڭداغى دەردۇ ئەنا.
گەنج تاپسا مۇنئىم ئولماس كىمنى سەن قىلساڭ فەقىر،
گەنج بەرسە مۇفلىس ئولماس كىمگە سەن بەرسەڭ غەنا.
كۆڭلۈم ئەت مەئمۇر مېھرىڭ بىرلە، لېكىن قىلماغىل
نەفس ئاندا قىلغالى ھىرسۇ ھەۋەس تەرھىن بەنا.
خەستە كۆڭلۈمنى ئۆزۈڭدىن ئۆزگەدىن بىگانە قىل،
ئۆزگەدىن بىگانە قىلغاچ قىل ئۆزۈڭگە ئاشنا.
زۇلمەتى ھىجرانىڭ ئىچرە يول ئازىپ سەرگەشتەمەن،
ئۆز ئۆزۈڭ سارى ھىدايەت شەمئى بىرلە ئىھدەنا.
لۇتف ئەت ئۇششاق ئارا، يا رەب، نەۋا قىلغىل نەسىب،


تا حسینی نینک مقامی بولسه بو دار فنا
مینی گدا اتیب ایل شاه حمدین ایلای ادا
که شاهلار شهی کیلدی گدالاریغه گدا
جلالی باغیدا خشخاش حقه سی یاکلیغ
نجوم درلاری بیرله بو گنبد مینا
هوای قدریده یوز قاتله ذره دین اوکسوک
قویاش چراغی که عالمغه یایدی نور و ضیا
گر اولماسه آنینک امری فلک بو سرعت ایله


اوز اوزیدین حرکت ایلای الماغای اصلا
بیوک راک اینسا یوز بلخلق یول آسان دور
قاشیدا چرخ دین اولماق بو توده غبرا
تبارک الله اول صانعی که حکمتیدا
عظیم جاهل ایرور کیم که اوزنی دیر دانا
حسینی اولسه سراسر گناه و جرم نی غم
چو دوست لطفی نینک امیدی بار بس دور آنگا
ای قلیب روشن اولوس تاپماقغه انوار هدا

تا ھۆسەينىنىڭ مەقامى بولسا بۇ دارى فەنا.

ئەيزەن لەھۇ*

مەنى گەدا ئېتىپ ئول شاھ ھەمدىن ئەيلەي ئەدا،
كى شاھلار شەھى كەلدى گەدالارىغا گەدا.
جەلالى باغىدا خەشخاش ھۇققەسى ياڭلىغ،
نۇجۇمدارلارى بىرلە بۇ گۇنبەدى مىينا.
ھەۋايى قەدرىدە يۈز قاتلا زەررەدىن ئۆكسۈك،
قۇياش چەراغىكى ئالەمغە يايدى نۇرۇ زىيا.
گەر ئولماسا ئانىڭ ئەمرى، فەلەك بۇ سۈرئەت ئىلە
ئۆز ئۆزىدىن ھەرەكەت ئەيلەي ئالماغاي ئەسلا.
بۈيۈكرەك ئىستەسە يۈز بەلخلىق يول ئاساندۇر،
قاشىدا چەرخدىن ئولماق بۇ تۇدەئى غەبرا.
تەبارەكەللاھ، ئول سانىئىيكى ھىكمەتىدە،
ئەزىم جاھىل ئېرۇر كىمكى ئۆزنى دەر دانا.
ھۆسەينىي ئولسا سەراسەر گۇناھۇ جۇرم، نى غەم،
چۇ دوست لۇتفىنىڭ ئۇممىدى بار، بەسدۇر ئاڭا.

ئەيزەن لەھۇ

ئەي، قىلىپ رەۋشەن ئۇلۇس تاپماقا ئەنۋارۇل ـ ھۇدا،

* ئىزاھ: بۇ «يەنە ئۇخشاش، قايتا» دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ يەردە «يەنە ھۆسەينىنىڭ شېئىرى» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

مۇسھەفى رۇخسار ئۇزە «ۋەششەمس» بىرلە «ۋەززۇھا».

لەيلەتۇل ـ مىئراج شەرھى سۈنبۈلۈڭ تابىدا دۇرج،

ئۇل شەبىستان شەمئى قەددىڭ ئاندا ئارەزدىن زىيا.

كۆزلەرىڭگە تاكى چەكتى سۇرمە «مازاغول ـ بەسەر»،

بۇ مۇئەييەندۇركى مۇندىن زاھىر ئۇلدى «ما تەغا».

ھەر تەرەف گېسۇلارىڭدۇر شەرئ ئۈچۈن «ھەبلۇل ـ مەتىن»،

جەھلۇ زۇلمەت جايىدىن چەكسەڭ ئېرۇر ئەلنى رەۋا.

گەر ساڭا يوق سايە، تاڭ ئەرمەس، نېدىنكىم، چۈن قۇياش

زاھىر ئۇلدى، سايە كىتمان كۇنجىدا ئىستەر خەفا.

بولمادىڭ مەكتەبغە مايىل، لېك ئازاد ئەيلەدىڭ

ئەقلۇ ھىس تىفلىن جەھالەت مەكتەبىدىن دائىما.

قىلساڭ ئاھەنگى شەفائەت ئۇل مەقام ئىچرە، نىتاڭ،

گەر ھۆسەينىي داغى ئۇششاقىڭ ئارا تاپقاي نەۋا.


مصحف رخسار اوزا والشمس بیرله والضحی
لیلة المعراج شرحی سنبلونک تابیدا درج
اول شبستان شمعی قدینک اندا عارضدین ضیا
کوزلارینکا تاکی چکتی سرمه مازاغ البصر
بو معیین دورکه موندین ظاهر اولدی ما طغی
هر طرف گیسولارینکدور شرع اوچون حبل المتین
جهل وظلمت جایدین چیکسانک ایرور النی روا
گر سنکا یوق سایه تانک ایرماس نیدین کیم چون قویاش
ظاهر اولدی سایه کتمان کنجیدا ایستار خفا


بولمادینک مکتب غه مایل لیک آزاد ایلادینک
عقل وحس طفلین جهالت مکتبیدین دایما
قیلسانک آهنگ شفاعت اول مقام ایچره نیتانک
گر حسینی داغی عشاقینک ارا تاپقای نوا
نی عجایب خوی ایرور ای شوخ سیمین بر سنکا
کیم نچه هجرینکا جان برسام ایماس باور سنکا
یا سنکا یوق رحم یا پیغامیم ایتورماس صبا
قیلمادی ظاهر منینک حالیمنی ای دلبر سنکا

ئەيزەن لەھۇ

نې ئەجايىب خۇي ئېرۇر، ئەي شوخ سىيمەنبەر، ساڭا،

كىم نېچە ھەجرىڭگە جان بەرسەم، ئەمەس باۋەر ساڭا.

يا ساڭا يوق رەھم يا پەيغامىم ئايتۇردا سەبا

قىلمادى زاھىر مېنىڭ ھالىمنى، ئەي دىلبەر، ساڭا.


جونکه دیوانه‌نک من الغوم یوق ایتاکینک دین ایلیک
گر جفا یوز مونچه بولسه ای پری پیکر سینکا
خواه جور و ظلم قیل خواهی وفا کیم هر نفس
واله و دیوانه راقتور جان غم پرور سینکا
حددین اوتکاره چینی غا جفا و رحم قیل
کیم اولوس شاهی دورور لیکن ایرور چاکر سینکا
ایوروب گل باشیغه بلبل وصال اولغای انکا
گل انینک باشیغه ایوروب نی حال اولغای انکا


بلبلی کیم کورسه گل دین بو صفت دل جوی لوق
برکامینک تیلماسه اوز مهر دین محال اولغای انکا
سنسیزین دم اورماغیم امکان ایماس بلبل کی اول
قالسه گل دین ایروه نی قیل و قال اولغای انکا
بار ایدی چولپان دانینک غه الم وه بولماسون
کیم غبار اولغای مونکا یا خود زوال اولغای انکا
بیر قویاشی دور حسینی عشقی امید اول دورور
کیم سنینک حسنونک سپهر دا کمال اولغای انکا

چۈنكى دىۋانەڭمەن، ئالغۇم يوق ئېتەكىڭدىن ئىلىك،
گەر جەفا يۈز مۇنچە بولسا، ئەي پەرى پەيكەر، ساڭا.
خاھ جەۋرۇ زۇلم قىل خاھى ۋەفاكىم، ھەر نەفەس
ۋالىھۇ دىۋانەراقتۇر جانى غەمپەرۋەر ساڭا.
ھەددىن ئۆتكەرمە ھۆسەينىيغا جەفاۋۇ رەھم قىل،
كىم ئۇلۇس شاھىدۇرۇر، لېكىن ئېرۇر چاكەر ساڭا.

ئەيزەن لەھۇ

ئەۋرۈلۈپ گۈل باشىغا بۇلبۇل، ۋىسال ئولغاي ئاڭا،
گۈل ئانىڭ باشىغا ئەۋرۈلسە، نې ھال ئولغاي ئاڭا.
بۇلبۇلىكىم كۆرسە گۈلدىن بۇ سىفەت دىلجۇيلۇق،
بىرگە مىڭ قىلماسە ئۆز مىھرىن، مەھال ئولغاي ئاڭا.
سەنسىزىن دەم ئۇرماغىم ئىمكان ئەمەس، بۇلبۇلكى ئول
قالسا گۈلدىن ئايرۇ، ۋەھ، نې قىيلۇ قال ئولغاي ئاڭا.
بار ئىدى چولپانۇ ئايىڭغا ئەلەم، ۋەھ، بولماسۇن،
كىم غۇبار ئولغاي مۇڭا ياخۇد زەۋال ئولغاي ئاڭا.
بىر قۇياشىدۇر ھۆسەينىي ئىشقى ئۇممىد ئولدۇرۇر
كىم، سىنىڭ ھۆسنۇڭ سىپىھرىدە كەمال ئولغاي ئاڭا.

ئەيزەن لەھۇ





بولدى گۈل ۋەقتىيۇ مەن خارى غەمىدىن مۇبتەلا،

ھەجر ئوتىدىن لالەدەك باغرىمدا يۈز داغى بەلا.

قان ياشىمنى كۆردۈڭۇ گۈلدەك كۆڭۈل ھالىن داغى،

بۇ سىفەت ھالىمنى، بەس، ئاللىدا ئەرز ئەت، ئەي سەبا.

غەرقەمەن كۆز مەردۇمىدەك قان ياشىم سەيلابىغا،

ئاھكىم، فەريادىما يەتمەس بۇ كۈن بىر ئاشنا.

ھالى زارىن سەن كەبى سۇلتاندىن ئايرۇ تۈشكەلى،

يافراغ ئەرمەس گۈلگەكىم يۈز تىل بىلە ئەيلەر ئەدا.

بەس، بىلۈر ئەردىمكى، يۇقتۇر ئىنتىھا ئىشقىمغا ھېچ،

تا گۈلى ۋەسلىڭ بىلە قىلدىم مۇھەببەت ئىبتىدا.

گەر ھۆسەينىي تاپمادى بەرگى جەمالىڭ باغىدىن،

بۇ چەمەندە، ئەي گۈلى نەۋرەس، ساڭا بولسۇن بەقا.

لالەدەك مەي جامىنى تۇتقىل غەنىيمەت، گۈل چاغى

خاسسەكىم ئىشرەتقە ئۇردى بۇلبۇلى بىدىل سەدا.

ئەيزەن لەھۇ

ۋەھكى، كۆڭلۈم نالەسى ھەردەم بۇزۇلغان جان ئارا

گويىيا بىر چۇغز ئېرۇر فەرياد ئېتەر ۋەيران ئارا.

ھۇققەئى لەئلىڭ ئاراسىدا ئېرۇرمۇ دۇر تىشىڭ،


يا ایرور اول ژاله کیم بولغای گل خندان ارا
هر کیشی کورسه پریلار ایچرا سین کوز مردومین
بیر پرینی جلوه قیلغان ساغینور انسان ارا
اینچه قان توکتی کوزوم هجرینگدا ای قان توکگوچی
ایمدی کوز اچسام کورارمین عالمی دور قان ارا
سیل کیلسه ژاله بیرله اوخشاتورمین اشکیم
کوزلاریم نینگ اقی اقغان دیدهٔ گریان ارا
ایستاکان مجروح کونگلومدین اوقینی رشک دین
تا پیاسون دیب یاشوروب مین سینه بریان ارا


ایکی قاشینگ نینگ خیالی متصل کونگلومدا دور
بیر دلاوردیک که سالمیش ایکی یای قربان ارا
هجر گردابیدا غرق اولدوم کمند وصل ایله
چیک مینی کیم قالمایین بو بحر بی پایان ارا
کیلدی عشقیم غا علاج ایتماککا بیر کون پری عشق
ای حسینی کویدی اوشبو شعلهٔ سوزان ارا
نیل دین هر بیر الف وور اول مه رخسار ارا
یا نهال سرو بولمیش جلوه گر گلزار ارا

يا ئېرۇر ئۇل ژالەكىم بولغاي گۈلى خەندان ئارا.

ھەر كىشى كۆرسە پەرىلەر ئىچرە سەن كۆز مەردۇمىن،

بىر پەرىنى جىلۋە قىلغان ساغىنۇر ئىنسان ئارا.

ئانچە قان تۆكتى كۆزۈم ھەجرىڭدە، ئەي قان تۆككۈچى،

ئەمدى كۆز ئاچسام كۆرەرمەن ئالەمىيدۇر قان ئارا.

سەيل كەلسە ژالە بىرلە ئوخشاتۇرمەن ئاشكىم،

كۆزلەرىمنىڭ ئاقى ئاققان دىدەئى گىريان ئارا.

ئىستەگەچ مەجرۇھ كۆڭلۈمدىن ئوقىنى، رەشكىدىن

تاپماسۇن دەپ ياشۇرۇپمەن سىنەئى بىريان ئارا.

ئىككى قاشىڭنىڭ خەيالى مۇتتەسىل كۆڭلۈمدەدۇر،

بىر دىلاۋەردەككى سالمىش ئىككى ياي قۇربان ئارا.

ھەجر گىردابىدا غەرق ئولدۇم، كەمەندى ۋەسل ئىلە

چەك مېنىكىم، قالمايىن بۇ بەھرى بىپايان ئارا.

كەلدى ئىشقىمغا ئىلاج ئەتمەككە بىر كۈن پىرى ئىشق،

ئەي ھۈسەينىي، كۆيدى ئۇشبۇ شۇئلەئى سۇزان ئارا.

ئەيزەن لەھۇ

نىلدىن ھەربىر ئەلىفدۇر ئول مەھى رۇخسار ئارا،

يا نىھالى سەرۋ بولمىش جىلۋەگەر گۈلزار ئارا.


گر مسیحا عمرده تیرگوزدی بیر نیچه اولوک
دلبریم یوزمینک اولوکنی تیرگوزور گفتارا
ای که بولمیش هر سری مویونگغه باغلیغ بیر کونگل
یوق عجب ایل کونگلینی ایلتور ایسانک رفتارا
اوقلارینک ایچرا قیلیچینک زخمیدین قانلیغ کونگول
آچیلیب دور گویا بیر غنچه یوزمینک خارارا
اتکلامان سروا زرا گل پیوند ایتیب دور باغبان
یوقسه گل سانجیب دور اول سرو روان دستارا
جانی یوز درد و بلا ایچرا چیدارمین کورگالی


لیک توزماس مین کورارکا یارنی اغیارارا
ای حسینی چیقسه گلگون تون بیله ای گل نیتانک
کیچه تانک اتقونچه ایردی دیده ئی خونبارارا
تا توشوپتورمین سرشکیم بحریدین گردابدا
زلفیدیک سرگشته جسمیم بولدی پیچ و تابدا
تا ایکی قاشینک ساری مایل دورور سوزان کونگول
ایلیه دورکیم شیشه و شمع اسیلور محرابدا
تیرلاکان مهوش یوزونک نینک ایلیه لطفی بارکیم

گەر مەسىھا ئۆمرىدە تىرگۈزدى بىر نەچچە ئۆلۈگ،
دىلبەرىم يۈزمىڭ ئۆلۈگنى تىرگۈزۈر گۇفتار ئارا.
ئەيكى، بولمىش ھەر سەرى مۇيۇڭغا باغلىغ بىر كۆڭۈل،
يوق ئەجەب ئەل كۆڭلىنى ئېلتۇر ئېسەڭ رەفتار ئارا.
ئوقلارىڭ ئىچرە قىلىچىڭ زەخمىدىن قانلىغ كۆڭۈل،
ئاچىلىپدۇر گۇيىيا بىر غۇنچە يۈزمىڭ خار ئارا.
ئاڭلامان، سەرۋ ئۇزرە گۈل پەيۋەند ئېتىپدۇر باغبان،
يوقسە گۈل سانجىپدۇر ئول سەرۋى رەۋان دەستار ئارا.
جاننى يۈز دەردۇ بەلا ئىچرە چىدارمەن كۆرگەلى،
لېك تۆزمەسمەن كۆرەرگە يارنى ئەغيار ئارا.
ئەي ھۇسەينىي، چىقسا گۈلگۇن تون بىلە، ئەي گۈل، نىتاڭ،
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە ئەردى دىدەئى خۇنبار ئارا.

ئەيزەن لەھۇ

تا تۇشۇپدۇرمەن سىرىشكىم بەھرىدىن گىردابدا،
زۇلفىدەك سەرگەشتە جىسمىم بولدى پىچۇ تابدا.
تا ئىكى قاشىڭ سارى مايىلدۇرۇر سۇزان كۆڭۈل،
ئۇيلەدۇركىم، شىشەۋۇ شەمئ ئاسىلۇر مىھرابدا.
تەرلەگەن مەھۋەش يۈزۈڭنىڭ ئۇيلە لۇتفى باركىم،


کوره‌دوک اول خوبلوق هرگز گل سیراب دا
لعل ابرور ایککی لبینگ سوز رشته‌سین اوتکارگالی
سفت ابرور اغزینگ که ظاهر بولدی لعل ناب دا
زلف دین لعلینگ ساری خالینگ دور اوغری هندوئی
کیم شکر ایستار اوغورلوق ایستاکای مهتاب دا
جان بیریب ابنای دوران دین وفا کوز توتماکیم
یوقتور اور بو شیوه نی محبوب و نی احباب دا
ای حسینی جان بیرور توزگاچ مغنی شدّ روح
روح قدسی فیضی یاشورمیش مگر مضراب دا

كۆرمەدۈك ئۇل خۇبلۇق ھەرگىز گۈلى سىيرابدا.

لەئل ئېرۇر ئىككى لەبىڭ سۆز رىشتەسىن ئۆتكەرگەلى،

سۇفت ئېرۇر ئاغزىڭكى، زاھىر بولدى لەئلى نابدا.

زۇلفدىن لەئلىڭ سارى خالىڭدۇر، ئوغرى ھىندۇئىي

كىم شەكەر ئىستەر، ئوغۇرلۇق ئىستەگەي مەھتابدا.

جان بېرىپ ئەبنايى دەۋراندىن ۋەفا كۆز تۇتماكىم،

يوقتۇرۇر بۇ شىيۋە نى مەھبۇبۇ نى ئەھبابدا.

ئەي ھۇسەينىي، جان بېرۇر تۈزگەچ مۇغەننىي شەددى رۇھ،

رۇھى قۇدسىي فەيزى ياشۇرمىش مەگەر مىزرابدا.

ئەيزەن لەھۇ


فرقتینگ دین یوق ایدی جسمیدا جان جانیدا تاب
کوزدا خوناب ایردی غمگین کونگولدا پیچ و تاب
نی دمی درد و غمینگدین بار ایدی صبر و قرار
نی زمانی داغ هجرینگدین بار ایردی خورد و خواب
ناگهان یتتی سوادی نامنگ اول جان مژده‌سی
اول صفت کیم صفحهٔ کافورین اوزره مشکناب
اوقوغاچ مضمونینی جانسیز تنیمغه بردی روح
ایلکیم عیسی دمی دین آیتی ام الکتاب
بو دور امید حسینی نینگ که یتکای وصلینگا

فۇرقەتىڭدىن يوق ئېدى جىسمىمدا جان، جانىمدا تاب،

كۆزدە خۇناب ئەردىيۇ غەمگىن كۆڭۈلدە پىچۇ تاب.

نې دەمىي دەردۇ غەمىڭدىن بار ئېدى سەبرۇ قەرار،

نې زەمانىي داغى ھەجرىڭدىن بار ئەردى خۇردۇ خاب.

ناگەھان يەتتى سەۋادى نامەڭ ئۇل جان مۇژدەسى،

ئۇل سىفەتكىم، سەفھەئى كافۇرىن ئۈزرە مۇشكناب.

ئوقۇغاچ مەزمۇنىنى جانسىز تەنىمغە بەردى رۇھ،

ئۆيلەكىم ئىيسا دەمىدىن ئايەتى ئاممۇل ـ كىتاب.

بۇدۇر ئۇمىدى ھۇسەينىنىڭكى، يەتكەي ۋەسلىڭە،

ھەق نەسىب ئەتكەي ئانى، ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب.

ئەيزەن لەھۇ

زەررە ياڭلىغ ئەيب ئەمەس كۆڭلۈمدە تۈشسە ئىزتىراب،
مېھرى رۇخسارىڭغە چۈن ھەر لەھزە كۆزگۈدۇر ھىجاب.
كۆڭلەكى گۈلگۈنمۇدۇر يا گۈل يۈزىنىڭ ئەكسىدۇر،
يا قۇياشنىڭ تابىدىن گەردۇن ئۈزە كۆيمىش سەھاب.
تامسا باغرىم قانى ئوتىدىن چىقار كۆڭلۈمدىن ئاھ،
دۇد ئولۇر چۈن قانىنى ئوت ئۈزرە تامىزسە كەباب.
ئىبتىسام، ئەي ئۆمر، بارۇردا شىتابىڭ نى ئېدى،
ناز ئىلە دەركىم، ئەجەب يوق، ئۆمر ئىشى بولماق شىتاب.
ساقىيا، ھىجران خەراب ئەتمىش مېنى، تولدۇر قەدەھ،
چۈن خەراب ئولماق كېرەك بارى بولاي مەستۇ خەراب.
ئەي ھۇسەينىي، ئەيلەكىم ۋەسل ئولدى جەننەت دوستى ھۇر،
ھەجر ھەم دەۋزەخدۇرۇر شەۋق ئوتىدىن ئاندا ئەزاب.

ئەيزەن لەھۇ

ئەي فىراقىڭ زۇلمىدىن جانىمدا ئوت، كۆڭلۈمدە تاب،
ئوتقا تۈشكەن قىل كەبى جىسمىم ئارا ھەم پىچۇ تاب.
ئىشق ئارا بىتابۇ تاقەت بولماغىم ئەرمەس ئەجەب،



حق نصیب ایتکای آنی والله اعلم بالصواب
زره ینگلیغ عیب ایماس کونکلومدا توشسه اضطراب
مهر رخسارینکغه چون هر لحظه کوزکوددور حجاب
کونکلکاکی کلکاین مودور یا کل یوزی نینک عکسی دور
یا قویاشنینک تابیدین گردون اوزا کویمیش سحاب
تامسه باغریم قانی اوتیدین چیقار کونکلومدین آه
دود اولور چون قانینی اوت اوزرا تامیزسه کباب
ابتسام ای عمر باروردا شتابینک نی ایدی



ناز ایله دیرکیم عجب یوق عمر ایشی بولماق شتاب
ساقیا هجران خراب ایتمیش منی تولدور قدح
چون خراب اولماق کیراک باری بولای مست خراب
ای حسینی ایلکیم وصال لدی جنت دوست حور
هجر هم دوزخ دورور شوق اوتیدین آندا عذاب
ای فراقینک ظلمیدین جانیمدا اوت کونکلومدا تاب
اوتقه توشکان قیل کبی جسمیم ارا هم پیچ و تاب
عشق ارا بی تاب طاقت بولماغیم ایرماس عجب


بر کیم فراقینک قویمادی کونکلومده نی طاقت نه تاب
قایدا بارسه اول سعادت اختری همراهیمن
کیم قویاش تعجیل قیلیه سایه هم ایلار شتاب
جون حواله ایلادینک هجرانغه قیلیه شکوه کیم
قتل حکمی ایلاکاندین سونکرا حاجت یوق عتاب
سرو سنبل برله کل وصفی ورور اول صفحه دا
قد و زلف و عارضینک قدی بیله اچسام کتاب
توتماین هرگز اول اتیمنی لیکین غمزه سی
قان توکارکا میل ایتیب لعلی مینینک اتیم اتاب


یار عشقیدین حسینی کونکلی تابی نی عجب
قایداکیم اوت بولسا تانک بولغایمو بولماغ اندا تاب
بیر مسافر آی خیالی قیلدی کونکلومنی خراب
قالمادی جانیمغه آنسیز بیر زمان طاقت نی تاب
بیر آرا حیف سوز ایشتکاچ اول مسافردین بو کون
باردی کونکلوم اوترووجانیمغه توشتی اضطراب
وصلیدا کوز کاه ییغلار که باقار رخساریغه
کاه یاغیب کاه تورغاندیک بهار اولغاج سحاب

كىم فىراقىڭ قويمادى كۆڭلۈمدە نې تاقەت، نە تاب.

قايدا بارسا ئول سەئادەت ئەختەرى ھەمراھىمەن،

كىم قۇياش تەئجىل قىلسا، سايە ھەم ئەيلەر شىتاب.

چۇن ھەۋالە ئەيلەدىڭ ھىجرانغا قىلما شىكۋەكىم،

قەتلى ھۆكمى ئەيلەگەندىن سوڭرا ھاجەت يوق ئىتاب.

سەرۋۇ سۇنبۇل بىرلە گۇل ۋەسفىدۇرۇر ئول سەفھەدە،

قەددۇ زۇلفۇ ئارەزىڭ قەددى بىلە ئاچسام كىتاب.

تۇتمايىن ھەرگىز ئول ئاتىمنى، لېكىن غەمزەسى

قان تۆكەرگە مەيل ئېتىپ، لەئلى مېنىڭ ئاتىم ئاتاپ.

يار ئىشقىدىن ھۇسەينىي كۆڭلى تابى نې ئەجەب،

قايداكىم ئوت بولسا تاڭ بولغايمۇ بولماغ ئاندا تاب.

ئەيزەن لەھۇ

بىر مۇسافىر ئاي خەيالى قىلدى كۆڭلۈمنى خەراب،

قالمادى جانىمغە ئانسىز ھەر زەمان تاقەت نې تاب.

بىر ئارا چەپ سۆز ئېشىتكەچ ئول مۇسافىردىن بۇ كۈن،

باردى كۆڭلۈم ئوترۇۋۇ جانىمغا تۇشتى ئىزتىراب.

ۋەسلىدە كۆز گاھى يىغلار، گەھ باقار رۇخسارىغا،

گاھى ياغىپ گاھى تۇرغاندەك بەھار ئولغاچ سەھاب.





ۋەسلى ئىقبالىدا كۆپ ئارزۇدەمەن ئەغياردىن،

ۋەھ، نې تالىئدۇركى، تارتارمەن بىھىشت ئىچرە ئەزاب.

پەردەدەك ئول يۈزگە يۈز سۈرتەرگە خۇد يوقتۇر ھەدىم،

بەس يۈزۈم سۈرتەرگە گەر بولسا مۇيەسسەر ئول نىقاب.

ساقىيا، بىر لەئلگۇن لەب شەۋقىدىن ئاشۇفتەمەن،

تۇت لەبالەب جامى ياقۇتىيغا سالىپ لەئلى ناب.

ئەي ھۈسەينىي، يارى ھەردەم غايىب ئولغاچ كەچ كېلۇر،

سەھۋ ئېمىش ئول نۇكتەكىم، ئەل ئۇمر ئىشىن دەرلەر شىتاب.

ئەيزەن لەھۇ

تەلبەرەپ ئىتكەن كۆڭۈلنى ئىستەدىم ھەريان بارىپ،

كوھۇ دەرياۋۇ بەيابانلارنى بىر ـ بىر ئاختارىپ.

تاپتىم ئەرسە ئولتۇرۇپتۇر يۈز غەمۇ ئەندۇھ ئىلە،

يار زۇلفىدىن بەتەررەك رۇزگارىن توڭتارىپ.

ۋەھكى، سورغاچ ھالىنى، يۇمماي تۆكۈپ دىدى سىرىشك،

يەتتى گەردۇندىن فىغانۇ ئوتلۇغ ئاھىن ئۆتكەرىپ.

ۋامىقۇ فەرھادۇ مەجنۇن مىھنەتىمغە تۆزمەيىن،

كۆيدىلەر ئاھىم ئوتىدىن ھەربىرى بىريان بارىپ.

مەن داغى تۆزمەي ئانىڭ ئىستەپ ۋەتەندىن كۆيمەكىن،





يۈز تۈمەن تەكلىف ئىلە كەلتۈردۈم ئانى يالبارىپ.

كەلتۈرۈپ چاك ئەيلەبان كۆڭلۈمنى سالدىم ئورنىغا،

فۇرقەتۇ كۆيمەك ئوتىدىن بارىسىدىن قۇتقارىپ،

ئەي ھۆسەينىي، ئول كېلىپ تۇتقاچ ۋىسالى جۇرئەسىن،

تىندۇرۇپ كۆڭلۈمنى مەن ھەم ئىچتىم ئانى سىپقارىپ.

ئەيزەن لەھۇ

زەئىفدىن ئۆرگەمچى دامىغە يىقىلغاچ چىرمانىپ،

ئول چەبىندەك تورلادى ھەريان تەنىمنى ئايلانىپ.

لەيلىيۇ شىرىنۇ ئۇزرا باردىلار، ۋەھ، نې ئەجەب،

بولماغىم ۋاله ساڭاكىم، سەن قالىپسەن سايلانىپ.

ۋامىقۇ فەرھادۇ مەجنۇن ئىشق ئوتىغا تۆزمەيىن،

باردىلار، مەن قالدىم ئالاردىن ئوتۇمغا چۆرگەنىپ.

چۆرگەنىپ قالغاچ ئوتۇمغە مەخفى ئىستەپ غەيرىدىن.

ئۇلتۇرۇپمەنمەن تۇرفە ئىش كۆركىم كۆلۈمنى پۈركەنىپ،

ھەجرىدە جانىمغا بىداد ئەيلەسەم ئەيب ئەتمەگىز،

كىم قاتىق ھال ئەرمىش ئايرىلماق بىراۋغا ئۆرگەنىپ،

ۋەھ، نې تالىئدۇركى، غەم شامى تۇشۇمگە كىرسە يار،

باۋەر ئەتمەي ئۇيقۇدىن سەكرەپ قوپارمەن سەسكەنىپ.





*   *

دەرد ئىلە ئىشق ئەھلىنىڭ ئاللىغا كەلگەي تىرە كۈن،
كۆككە ساۋۇرسام كۈلۈمنى زار جىسمىم كۆيدۈرۈپ.
ساقىيا، ئۆمرى ئەبەد تاپسۇن دەر ئەرسەڭ، جامى مەي
ئاغزىما تەگكۈرگىل ئۆز ئاغزىڭغا ئەۋۋەل تەگكۈرۈپ.
چۈن ئۆتەرسەن نازۇ ئىستىغنا بىلە بەرھەم بولۇر،
لۇتف ئىلە باقساڭكى يولۇڭدا قالۇرمەن تەلمۈرۈپ.
ئىت كەبى قاۋغۇنچە كۈيۈڭدىن مېنى ئۆلسۇن دەبان،
رازىي-راقىمەن ئىتلارىڭ ئاللىغا سالساڭ ئۆلتۈرۈپ.
بىر گۈلى رەئنا ھەۋاسىداكى بىمار ئولمىشام،
قان ياشىم رەڭگى سارىغ يۈزدە تۇرۇپتۇر بەلگۈرۈپ.
گەر ھۆسەينىي كۆڭلى كۈيۈڭ ئىچرە ئىتتى، تاناماغىل،
كىم ئانىڭكى كۆڭلىن ئەسىر ئەتتى كۆزۈڭ باقىپ تۇرۇپ.

ئەيزەن لەھۇ

ئەي دۇداغىڭ شەربەتى شەرمەندەسى ئابى ھەيات،
نۇتۇقۇڭ ئاللىدا ئىيساغا دەم ئۇرماق [لىق] ئۇيات.
لەبلەرىڭ چۈنكىم مەسىھادەك ئۆلۈگ تىرگۈزدىلەر،
ئىنفىئالىدىن قىزاردى لەئلۇ سۇ بولدى نەبات.
ئىلتىفاتىڭ، ئەي سەنەم، دىلخەستەلەرنىڭ قەتلىدۇر،


نیچه بولغایسین من دل خسته غه بی التفات
چونکه بیدادینک اوقیدین ایل قچار جان خوفیدین
بارچه سین جمع ایلاب ای قاتل مینینک جانیمغه آت
گر قولوقینگ مین چه ور کوب قیلدینک دیدیم ساتقیل مینی
دیمادیم عشاق ارا رسوا قیلیب عالمغه سات
بو چمن اهلیغه ای بلبل مقید بولمه کوب
کیم صباغه سیر یوقتور دایم و گلگه ثبات
ای حسینی نیچه بولماق بی نوا عشاق ارا
زهد آهنگی قیل اوزنی عافیت اهلیغه قات

نېچە بولغايسەن مەنى دىلخەستەگە بىئىلتىفات.

چۈنكى بىدادىڭ ئوقىدىن ئەل قاچار جان خەۋفىدىن،

بارچەسىن جەمئ ئەيلەپ، ئەي قاتىل، مېنىڭ جانىمغا ئات.

گەر قۇلۇقۇڭمەن، جەۋر كۆپ قىلدىڭ، دېدىم: ساتقىل مېنى،

دېمەدىم ئۇشاق ئارا رەسۋا قىلىپ ئالەمگە سات.

بۇ چەمەن ئەھلىغە، ئەي بۇلبۇل، مۇقەييەد بولما كۆپ،

كىم سەباغا سەير يوقتۇر دائىمۇ گۇلگە سەبات.

ئەي ھۇسەينىي، نېچە بولماق بىنەۋا ئۇششاق ئارا،

زۇھد ئاھەنگى قىل، ئۆزنى ئافىيەت ئەھلىگە قات.

ئەيزەن لەھۇ


وه که هجران قیدین توشتی شبستانیمغه اوت
اوچقونی بیرله توتاشتی بیت الاحزانیمغه اوت
روزگاریمنی مو عشق اتتی قرا یا بولدی دود
هجر غم چون دوزخی دین سالدی ویرانیمغه اوت
عشق اوتی شعله سیدین کویدی کوکلوم یا مگر
توشتی سوزان آهیدین مجنون عریانیمغه اوت
عالم اهلی جانینی کویدوردی یالغان عهد ایله
مونچه کیم بیردی اکین اول عهدی یالغانیمغه اوت

ۋەھكى، ھىجران بەرقىدىن تۇشتى شەبىستانىمغا ئوت،

ئۇچقۇنى بىرلە تۇتاشتى بەيتۇل ـ ئەھزانىمغا ئوت.

روزگارىمنىمۇ ئىشق ئەتتى قارا يا بولدى دەرد،

ھەجرى غەم چۈن دەۋزەخىدىن سالدى ۋەيرانىمغا ئوت.

ئىشق ئوتى شۇئلەسىدىن كۆيدى كۆڭلۈم يا مەگەر،

تۇشتى سۇزان ئاھىدىن مەجنۇنى ئۇريانىمغا ئوت.

ئالەم ئەھلى جاننى كۆيدۈردى يالغان ئەھد ئىلە،

مۇنچەكىم بەردى ئىكىن ئول ئەھدى يالغانىمغە ئوت.



باده تابىدىن مەگەر لەئلىڭ بولۇپتۇر ئاتەشىن،

يا مەگەر مەي لەمئەسى سالدى مېنىڭ جانىمغا ئوت.

دېدىم: ئوقۇڭ تەگسە دەردىم تاغىغا ئوت چاقىلۇر،

دېدى سۆز ئورنىغا: بەرمىش چەرخ پەيكانىمغا ئوت.

گەر ھۆسەينىي ئاھىدىن ئوت تۇشسە ھەريان، ئەيب ئەمەس،

ئىشق مۇنداق ھەمرەھ ئەتتى ئاھۇ ئەفغانىمغا ئوت.

ئەيزىدىن لەھۇ



كۆڭلۈم ئالدى بىر قەدى رەئنا، تونى گۈلگۈن يىگىت،

ھۆسنى دىلكەش، ئۆزى زىبىا، چابۇكۇ مەۋزۇن يىگىت.

ئەمدى پۈتكەن سەرۋىدەك ھەر سارى قەددى جىلۋەگەر،

ياڭلا تۇققان مىھر ياڭلىغ ھۆسنى رۇز ئەفزۇن يىگىت.

يۈز تۈمەن خۇسرەۋنى شىرىن لەئلىغە فەرھاد ئېتىپ،

بىئەدەد لەيلانى قىلغان ئىشقىدا مەجنۇن يىگىت.

يوقكى مەندەك ئاررۇسىندا بەسىي غەمگىن قارى،

بەلكى يۈزمىڭ مەنچە دەردى ئىشقىدا مەھزۇن يىگىت.

يوقكى سالغاي فىتنە دەۋرانغا مۇفەتتىن غەمزەسى،

ئىكى فەتتان كۆز بىلە ھەم ھۆسنىغا مەفتۇن يىگىت.

ساقىيا، بۇ كەھرەبادەك كۆزگە مەيدىن گۈنە بەر،


کیم سالور جانیم ارا اوت پر لبی میگون یکیت
ای حسینی تارتیغان بولسانک داغی چیک جوررینی
ترک عشقی ایتیانک اندا تاپماغونگدور چون

الغالی شیدا کونکولنی پر قدی رعنا یکیت
کورمادیم چون اهل حسن ایچره حسنی روح افزا یکیت
یوق خلایق کیم ملایک خیلیدین چقغای فغان
سیکرتیب آت کیرسه میدان ایچره اول رعنا یکیت
ناصحا نیلاب اوزونی می ایچاردین ضبط اتیای


کیم منکا منظور ساقیدور قدح پیما یکیت
یوق عجب عشقینکدا بر دیوانه مینداک بولماسا
چونکی سینداک یوق پری پیکر ملک سیما یکیت
زمرۀ عشاق ارا یوق مین کبی رسوا قاری
ایلکیم چون اهل حسن ایچره سین کبی زیبا یکیت
کرچه نازو حسن اوتیقوسیدین آچیلماس کوزونک
بو قاری قول ساری هم پر باتفضل ای میرزا یکیت
مینو الیقدین حسینی چاره یوق عشاق ارا
خاصه کیم یار اولسه محض ناز و استغنا یکیت

كىم سالۇر جانىم ئارا ئوت بىر لەبى مەيگۇن يىگىت.
ئەي ھۇسەينىي، قارىغان بولساڭ داغى چەك جەۋرنى،
تەرك ئىشقىي ئەتسەڭ ئانداق تاپماغۇڭدۇر چۇن [يىگىت].

ئەيزەن لەھۇ

ئالغالى شەيدا كۆڭۈلنى بىر قەدى رەئنا يىگىت،
كۆرمەدىم ھۇسن ئەھلى ئىچرە ھۇسنى رۇھ ئەفزا يىگىت.
يوق خەلايىقكىم، مەلائىك خەيلىدىن چىققاي فىغان،
سەكرەتىپ ئات، كىرسە مەيدان ئىچرە ئول رەئنا يىگىت.
ناسىھا، نەيلەپ ئۆزۈمنى مەي ئىچەردىن زەبت ئېتەي،
كىم ماڭا مەنزۇر ساقىيدۇر قەدەھ پەيما يىگىت.
يوق ئەجەب ئىشقىڭدا بىر دىۋانە مەندەك بولماسا،
چۈنكى سەندەك يوق پەرى پەيكەر مەلەك سىيما يىگىت.
زۇمرەئى ئۇشاق ئارا يوق مەن كەبى رەسۋا قارى،
ئۆيلەكىم ھۇسن ئەھلى ئىچرە سەن كەبى زىيبا يىگىت.
گەرچە نازۇ ھۇسن ئۇيقۇسىدىن ئاچىلماس كۆزۈڭ،
بۇ قارى قول سارى ھەم بىر باقىل، ئەي مىرزا يىگىت.
بىنەۋالىقدىن، ھۇسەينىي، چارە يوق ئۇششاق ئارا،
خاسسەكىم يار ئولسا مەھزى نازۇ ئىستىغنا يىگىت.





ئەيزدن لەھۇ

ئالدى بۇ مەھزۇن كۆڭۈلنى بىر قەدەھ پەيما يىگىت،
قەددى رەئنا، ئۆزى زىيبا، ھۇسنى بىھەمتا يىگىت.
ئافەرىنىش بەزمىنىڭ ئارايىشىدۇر ھۇسن ئىلە،
بىزگە بولغان زىيبۇ زەئنالىقدا بەزم ئارا يىگىت.
جانۇ كۆڭلۇم جەننەتىنىڭ ھەم گۇلى ھەم سەرۋىدۇر،
گۇل كەبى يۈز بىرلە كىيگەن خىلئەتى خۇزرا يىگىت.
جانغا يەتكەي ئىيسا رۇھۇللاھ، ئەي ئارامى جان،
تاپسا بۇ دەيرى فەنادا سەن كەبى تەرسا يىگىت.
ئەھلى ئىشق ئىچرە تاپىلماس مەن كەبى شەيدا قارى،
ئەھلى ھۇسن ئۇچۇن نىچۇككىم سەن كەبى زىيبا يىگىت.
تا خەتىڭ چىقمايدۇرۇر قىلغىل ۋەفا خەتتىن رەقەم،
كىم بۇ گۇلشەن گۇللارى بولماس تىكەنسىز، ئا يىگىت.
دىمە ئول جەۋر ئەتسە، ئۆزگە بىر يىگىت پەيدا قىلاي،
ئەي ھۇسەينىي، بولماس ئانداق چۇن يانا پەيدا يىگىت.

ئەيزەن لەھۇ

بولغالى غايىب كۆزۈمدىن بىر قەدى مەۋزۇن يىگىت،
كۆرمەدۇم ھۇسن ئەھلى ئىچرە ھۇسنى رۇز ئەفزۇن يىگىت.
كەلسە ئالتۇن يۈز ئۇزە گۇلكۇن ياشىم، ۋەھ، نې ئەجەب،





كۆزدىن ئۆتمىش بىر تونى زەركەش، يۈزى گۈلگۈن يىگىت.

كىم ئېكىن مەيدان ئارا غايىب يىگىتلەر كۆزىدىن،

كىم غەمىدىن تاش ئۇرار كۆكسىگە يۈز مەھزۇن يىگىت.

مەن قارى ئۆلسەم غەمى ھىجرانىدا يوقتۇر ئەجەب،

كىم ئىرۇر سەرگەشتە غەم دەشتىدە يۈز مەجنۇن يىگىت.

نىتتى ئاقشام كەلسە ئاي ئۇزرە يارۇق ئەختەر كەبى،

زىيب ئۇچۇن باشى ئۇزە تىككەن، دۇررى مەكنۇن يىگىت.

ئول يىگىت ئالىدا پۇرئەفشانلىغ ئەيلەي نەقدى جان،

ئارزۇ يا سەئيى بىرلە بولماغۇمدۇر چۇن يىگىت.

ئەي ھۇسەينىي، بولسا يۈز جانىڭ فىدا قىل ھەجرىدە،

كىم تاپىلماس دۇنيادا ئانداق يانا مەۋزۇن يىگىت.

ئەيزەن لەھۇ

ۋەسلىدىن مەھرۇم ئولۇپ ھەجرىدەدۇرمەن پايى بەست،

نەئشىن ئىلتۇر ناقەنىڭ يولىدا بولدۇم يەرگە پەست.

گاھ غەلتاندۇر ياشىم گاھ ئۇيقۇدا بىمار كۆز،

يوق تەئەججۇب كۆز ياشىم غەلتانۇ ئول ئۇيقۇدا مەست.

كوھى قاف ئۇزرە غەمى ھەجرىمنى قويسام بىر زەمان،

بارمۇ ئىمكانى ئانىڭكىم تاپماغاي ئولدۇم نىشەست.





تۈنۈ كۈن مەھزۇن كۆڭۈل بىر نالەنى پەست ئەتمەدى،
ۋەھكى، مۈشكىل ھال ئىلە بىزگە قاتىق ئىش بەردى دەست.
ئۆزگە مەھۋەشلەر خەيالى كەلسە نامەھرەم كۆرۈپ،
كۆڭلۈم ئەترافىنى قىلدىم مىھر ياڭلىغ خار بەست.
تاڭ ئەمەستۇركىم، بولۇپمەن مەست تا شامى ئەبەد،
كىم ئەزەلدە قىسمەتىم بولمىش ماڭا جامى ئەلەست.
ئەي ھۈسەينىي، ۋەسل ئۈچۈن ھەر نېچەكىم چەكتىم مەساف،
بەھر بولغاچ رۇ بەرۇ قەلبىم ئارا بولدى شىكەست.

ئەيزەن لەھۇ

يار كۈيىدىن ئۆتەردە كۆرگۈزۈر بۇ زار مەكس،
سۆز دىسە داغى جەۋابىدا قىلۇر بىسيار مەكس.
ئول پەرى نەززارەسىغە، ئەيكى، تاپتىڭ دەستى رەس،
كۆر مېنىڭ مەجنۇنلۇغۇمنى قىلماغىل زىنھار مەكس.
ئىشق تۇرماس مەندەۋۇ كۆڭلۈمدە بىردەم، ئەي رەفىق،
ئۈيلەكىم ئۈسرۈكلەر ئىچرە ئەيلەمەس ھۇشيار مەكس.
گەر دىسەم، ئەي ئەختەرى سەئد، ئۆتمەگىل تەئجىل ئىلە،
دەركى ئۆز سەيرىدە قىلماس كەۋكەبى سەييار مەكس.
بەزمىدىن سۈرگەندە گەر كەچرەك چىقارمەن زەئفدىن،

ئەيب ئەمەس قىلسا تەھەررۇك ۋەقتىدە بىمار مەكس.

ئىشتىياقىدا ئۆلۈم ھالىدادۇرمەن، ئەي ئەجەل،

جان فىدا ئەيلەي ساڭا، كەلگۈنچە قىلساڭ يار مەكس.

نېتكەمەن ھەجرىدە مەكس ئەتمەي ۋە لېكىن خوشتۇرۇر،

ئەي ھۈسەينىي، نەچچە كۈن ئۆمر ئەيلەسە بىسيار مەكس.

ئەيزەن لەھۇ

تۆكۈپ قانىم تەرەھھۇم قىلمادىڭ ھېچ،

كۆرۈپ ھالىم تەبەسسۇم قىلمادىڭ ھېچ.

تەبەسسۇم قىلمايىن جانىمنى ئالدىڭ،

ئالىپ جانىم تەرەھھۇم قىلمادىڭ ھېچ.

جەھان ئەھلى كۆيۈپ ئاھىمدىن، ئەي يار،

بۇ ئاھىمدىن تەۋەھھۇم قىلمادىڭ ھېچ.

فىراقىدا، كۆڭۈل، كۆپ چەكتىڭ ئەفغان،

ۋىسالىدا تەرەننۇم قىلمادىڭ ھېچ.

ھۈسەينىي، ھەجرىدە ئەفغاندىن ئۆزگە،

كۆرۈپ مىھنەت، تەنەئئۇم قىلمادىڭ ھېچ.

ئەيزەن لەھۇ

خەستە جانىم زەئفىغە لەئلى شەكەربارىڭ ئىلاج،







زار كۆڭلۈم دەردىغە جانبەخش گۇفتارىڭ ئىلاج.

شامى ھىجرانىڭ ئاراكىم تىيرەدۇر گىريان كۆزۈم،

ئانى رەۋشەن ئەيلەمەككە سۇبھى رۇخسارىڭ ئىلاج.

كافىرى ئىشقىڭ بولۇپكىم كۆڭلۈمە يەتتى جۇنۇن،

ئەقلۇ دىن كەسبىغە ئانىڭ بەندى زۇننارىڭ ئىلاج.

ئۆزگەلەر نۇشى لەبىدىن خەستەمەن، لېكىن ئېرۇر

نىشى غەمزەڭدىن ھەزىن كۆڭلۈمگە ئازارىڭ ئىلاج.

ئەي مەسىھا، تا لەبى جانبەخشىدىن بىر نۇكتە بەر،

خەستە جانىمغا ئەجايىپ ئەردى ئىزھارىڭ ئىلاج.

ئەي كۆڭۈل، كۆپ قىلما ئەفغان چۇن ئانىڭ بىدادىغا،

قىلمادى غەم كۇلبەسىدە نالەئى زارىڭ ئىلاج.

ئەي ھۇسەينىي، خەستە جانىڭغا لەبىدىن قۇت يېتەر،

كىم مەگەر تاپقاي بۇ شەربەت بىرلە بىمارىڭ ئىلاج.

ئەيزەن لەھۇ

ياردىن نې كەلسە، ئاشىق بەرسە جان، بولغاي مۇباھ،

دەفتەرى ئىشق ئىچرە گۇيا بۇيلە بولمىش ئىستىلاھ.

كۆڭلۈم ئالغاچ، بارچە ئەل كۆڭلىنى مۇسەخخەر ئەيلەدىڭ،

مۈلكلەر فەتھىنى بىزنىڭ كىشۋەردىن ئەتتىڭ ئىفتىتاھ.


کوزکا دیرمین سرمه قیلیغای مین ایاغی توفراغین
اول کی کوز آچقاچ سنینک یوزونکنی کورکای مرحبا
چقسه کونکلومدین مادام ایسیغ آه ای رماس عجب
کیم سموم اولغوسی اوتلوق باغیدین ایسکاچ ریاح
ناصحا ایمدی صلاح ایرماس منکا پندینک سینینک
عشق آرا رسوالیغ ایچره قوپتی چون میندین صلاح
عقل بستانیندا روحوم تازه بولماغ ایستاسانک
تونقیل ای کلچهره ساقی مبدم کلرنک راح
ای حسینی اول قویاش ساری هوا قیلسانک نیتانک


چونکه ساز اتینک ریاضت بیرله همتدین جناح
ای یوزونک دیک کورمامین بر مهر دورانیدا چرخ
بلکه کوب تارتیب خجالت مهر رخشانیدا چرخ
چیکتیلار یوسفنی کر اوزونی چه آلتون بیله
آنی هرکز سنچه توتماس حسن میزانیدا چرخ
آنچه حسنونکدین قویاشنینک انفعالی بارکیم
اسرای آلماس آنی بیر ساعت یوزونک یانیدا چرخ
کوندوز اولغای کیچه و خورشیدای بیر کون اکر

كۆزگە دەرمەن سۈرمە قىلغايمەن ئاياغى تۇفراغىن،

ئولكى كۆز ئاچقاچ سېنىڭ يۈزۈڭنى كۆرگەي ھەر سەباھ.

چىقسا كۆڭلۈمدىن دەما دەم ئىسىغ ئاھ، ئەرمەس ئەجەب،

كىم سەمۇم ئولغۇسى ئوتلۇق باغدىن ئەسكەچ رەياھ.

ناسىھا، ئەمدى سەلاھ ئەرمەس ماڭا پەندىڭ سېنىڭ،

ئىشق ئارا رەسۋالىغ ئىچرە قوپتى چۇن مەندىن سەلاھ.

ئەقل بۇستانىندا رۇھۇم تازە بولماغ ئىستەسەڭ،

تۇتقىل، ئەي گۇلچېھرە ساقىي، دەم بەدەم گۇلرەنگ راھ.

ئەي ھۇسەينىي، ئول قۇياش سارى ھەۋا قىلساڭ، نېتاڭ،

چۇنكى ساز ئەتتىڭ رىيازەت بىرلە ھىممەتتىن جەناھ.

ئەيزەن لەھۇ

ئەي، يۈزۈڭدەك كۆرمەيىن ھەر مېھرى دەۋرانىدا چەرخ،

بەلكى كۆپ تارتىپ خىجالەت مېھرى رەخشانىدا چەرخ.

چەكتىلەر يۇسۇفنى گەر ئۆز ۋەزنىچە ئالتۇن بىلە،

ئانى ھەرگىز سەنچە تۇتماس ھۇسن مىزانىدا چەرخ.

ئانچە ھۇسنۇڭدىن قۇياشنىڭ ئىنفىئالى باركىم،

ئاسراي ئالماس ئانى بىر سائەت يۈزۈڭ يانىدا چەرخ.

كۈندۈز ئولغاي كېچەۋۇ خۇرشىدۇ ئاي بىر كۈن ئەگەر


عارضینگنی جلوه گر قیلسه اوزا یوایدی چرخ
گر پری حسنونگ بیله دعوی قیلور دیوانه دور
آنی حسن اهلیده توتماس آدمی سانیده چرخ
گر حسینی شام هجرانی اوزوندور تانگ ایماس
سوتاییب باریش اوزیدین انینگ افغانیده چرخ

مدتی عشقینگ خیالی بیرله ایردیم مستمند
باده وصلینگ بیله بیردم بولای دهر بهره مند
چون بو دولت بولغودیک بولدی میسر وای کیم


صحتیم اول لحظه طالع ضعفیدین تاپتی گزند
حق بیلورکیم جان ارا کونگلوم ایدی همصحبتینگ
گرچه من ضعف ایلکیدین هجرینگکا بولدوم پای بند
سورماغیم اوچون لبینگدین کیم یازیب ایردینگ حدیث
جمع ایتار یعنی کونگلونینگ ضعفینی گل بیرله قند
لطف ایتیب چککیل حسینی نی کمند وصل ایله
ای کی زلفونگ رشته سی جان توینیغه ایرور کمند

قیلدی روح افزا لبینگ کولماک بیله جانیمنی اخز

ئارەزىڭنى جىلۋەگەر قىلسا ئۆز ئەيۋانىنى چەرخ.
گەر پەرى ھۆسنۈڭ بىلە دەئۋا قىلۇر، دىۋانەدۇر،
ئانى ھۆسن ئەھلىدە تۇتماس ئادەمىي سانىدا چەرخ.
گەر ھۆسەينىي شامى ھىجرانى ئۇزۇندۇر، تاڭ ئەمەس،
سۇستايىپ بارمىش ئۆزىدىن ئانىڭ ئەفغانىدا چەرخ.

ئەيزەن لەھۇ

مۇددەتى ئىشقىڭ خەيالى بىرلە ئەردىم مۇستەمەند،
بادەئى ۋەسلىڭ بىلە بىردەم بولاي دەپ بەھرەمەند.
چۈن بۇ دەۋلەت بولغۇدەك بولدى مۇيەسسەر، ۋايكىم،
سىھھەتىم ئول لەھزە تالىئ زەئفىدىن تاپتى گەزەند.
ھەق بىلۇركىم، جان ئارا كۆڭلۈم ئېدى ھەمسۆھبەتىڭ،
گەرچە مەن زەئىف ئېلكىدىن ھەجرىڭگە بولدۇم پايى بەند.
سورماغىم ئۈچۈن لەبىڭدىنكىم يازىپ ئەردىڭ ھەدىس،
جەمئ ئېتەر يەئنى كۆڭۈلنىڭ زەئفىنى گۈل بىرلە قەند.
لۇتف ئېتىپ چەككىل ھۆسەينىينى كەمەندى ۋەسل ئىلە،
ئەيكى، زۇلفۇڭ رىشتەسى جان بويىنىغا ئېرۇر كەمەند.

ئەيزەن لەھۇ

قىلدى رۇھ ئەفزا لەبىڭ كۈلمەك بىلە جانىمنى ئەخز،



يىغلاتىپ كافىر كۆزۈڭ ھەم نەقدى ئىمانىمنى ئەخز.

گويىيا ئاشۇفتە زۈلفۈڭ ھەم قىلىپ ئەييارلىغ.

ئەيلەدى سەۋدا ئارا جانى پەرىشانىمنى ئەخز.

قىلدى ئاغزىڭنىڭ خەيالى ھەم ئەدەم سەھراسىدا،

جەۋھەرى جانىمنى، يەئنى نەقد پىنھانىمنى ئەخز.

لەئلىدىن ھەركامكىم تاپتىم، ئۇنۇتتۇردى فىراق،

ئەيلەدى ئۆمرۈمدا جاندىن بەھرە ئالغانىمنى ئەخز.

چۈن مەنى بىدىلغا ئاتتى غەمزەسىدىن ناۋەكىي،

دىدىكىم: قىلغۇڭ كۆڭۈل ئورنىغا پەيكانىمنى ئەخز.

ۋەھكى دەۋران جامىدىن ئاغزىمغا يەتكەچ قەترەئى،

ساقىي دەۋر ئەيلەركى ئول دەم بىر قەدەھ قانىمنى ئەخز.

ئەقلۇ ھۇشۇ سەبر بارىپ، قالغانىم بىر جان ئىدى،

ئەي ھۇسەينىي، ھەجرى ئەيلەر ئەمدى قالغانىمنى ئەخز.



ئەيزەن لەھۇ

تازە بولدى باغۇ كۆڭلۈمدە فىراق ئازارىدۇر،

جىلۋە قىلدى گۈل، نىتەي، باغرىمدا ھىجران خارىدۇر.

سەرۋۇ گۈلدىن ھەردەم ئەفزۇن بولسا دەردىم، نې ئەجەب،

دەردلىغ كۆڭلۈم چۇ ئول ھەمدەرد يارىم سارىدۇر.



ناصحا گلگشتی دین کونکلوم علاجین قیلماکیم
خسته کونکلومکا تیککان خار هجران کاری دور
ای نیتای گلنار یانکلیغ لالار نظارسین
مینکه پر گل رخ اوچون باغریمدا هجران خاری دور
چرخ دیکان دور ای سیرای گل رخونکدین گل چاغی
ای حسینی بو فراق اول هدهنینک بولجاری دور

شکر لله کیم جمالینکدین کوزوم روشن دورور
خسته کونکلومکا وصالینک گلبونی مسکن دورور



اوتلوق آهیمدین که هجرینک ایچره چکمیش شعله لار
شمع اقبالیم بو کون اول شعله دین روشن دورور
در فشان کوزوم جمالینک جوهرینینک عکسیدین
گر بورون درج گهر ایردی بو کون مخزن دورور
نی اوچون گلدیک آچیلمای برگ عشرت ایچره کیم
مجلسیم شمعی بو کون اول سرو سیمین تن دورور
اشک ایله عشرت گلین آچتینک یانا اشق ایلکیدین
ای حسینی سنکا یوز تحسین و منکا احسن دورور

ناسىھا، گۇلگەشتىدىن كۆڭلۈم ئىلاجىن قىلماكىم،
خەستە كۆڭلۈمگە تېكىلگەن خارى ھىجران كارىدۇر.
ۋەھ، نېتەي گۇلنار ياڭلىغ لالەر نەززارەسىن،
مەنكى بىر گۇلرۇخ ئۈچۈن باغرىمدا ھىجران خارىدۇر.
چەرخ دېگەندۇر ئايىراي، ئەي گۇل، رۇخوڭدىن گۇل چاغى،
ئەي ھۈسەينىي، بۇ فىراق ئول ۋەئدەنىڭ بۇلجارىدۇر.

ئەيزەن لەھۇ

شۈكرى لىللاھكىم، جەمالىڭدىن كۆزۈم رەۋشەندۇرۇر،
خەستە كۆڭلۈمگە ۋىسالىڭ گۇلبۇنى مەسكەندۇرۇر.
ئوتلۇق ئاھىمدىنكى ھەجرىڭ ئىچرە چەكمىش شۇئلەلەر،
شەمئى ئىقبالىم بۇ كۈن ئول شۇئلەدىن رەۋشەندۇرۇر.
دۇر فىشان كۆزۈم جەمالىڭ جەۋھەرىنىڭ ئەكسىدىن
گەر بۇرۇن دۇرجى گۆھەر ئەردى، بۇ كۈن مەخزەندۇرۇر.
نې ئۈچۈن گۇلدەك ئاچىلماي بەرگى ئىشرەت ئىچرەكىم،
مەجلىسىم شەمئى بۇ كۈن ئول سەرۋى سىيمىن تەندۇرۇر.
ئەشك ئىلە ئىشرەت گۇلىن ئاچتىڭ يانا ئىشق ئىلكىدىن،
ئەي ھۈسەينىي، ساڭا يۈز تەھسىنۇ مەڭ ئەھسەندۇرۇر.

ئەيزەن لەھۇ


ای کیم باغریم فراق و درد اوقیدین یاره دور
وه که کونکلوم تیغ هجران زخمیدین یوز پاره دور
خسته کونکلوم سورماق اوچون بیر نفس ییت ای طبیب
کیم بو کون هر لحظه بیماریم اوزومدین باره دور
صبر اویدین ناصحا پند نیک نه آباد ایلاکای
تیلبه کیم عقل و دانش ملکیدین آواره دور
هر کیچه بیر آی غمیدین وه که طالع چرخ نیک
ایشی اه والیمغه یوزمینک کوز بیله نظاره دور
ای حسینی کویماکینی عشق ارا عیب ایتماکای


کیم که بیلکای خسته کونکلومدا نی آتش پاره دور
گل یوزی اطرافیدا اول لاله اصغر مودور
یا نیدا زلف مودور یا کاکل عنبر مودور
لاله اصغر مو دی اول آی یوزینینک دوریدا
یا قمر دوریدا کورکوزکان اوزین اختر مودور
لعلیدین مو هر زمان ظاهر بولور شیرین سوزی
یوقسه گل یافراغیدین بولغان عیان شکر مودور
عارض ازرا طرف موکوز آچیب سین ناز ایله

ئاهكىم، باغرىم فىراقۇ دەرد ئوقىدىن يارەدۇر،
ۋەهكى، كۆڭلۈم تىغى ھىجران زەخمىدىن يۈز پارەدۇر.
خەستە كۆڭلۈم سورماق ئۈچۈن بىر نەفەس يەت، ئەي تەبىب،
كىم بۇ كۈن ھەر لەھزە بىمارىم ئۆزۈمدىن بارەدۇر.
سەبر ئۆيىدىن، ناسىھا، پەندىڭ نە ئاباد ئەيلەگەي،
تەلبەئىيكىم ئەقلۇ دانىش مۈلكىدىن ئەۋۋارەدۇر.
ھەر كېچە بىر ئاي غەمىدىن، ۋەهكى تالىئ، چەرخنىڭ
ئىشى ئەھۋالىمغە يۇزمىڭ كۆز بىلە نەززارەدۇر.
ئەي ھۆسەينىي، كۆيمەكىمنى ئىشق ئارا ئەيب ئەتمەگەي،
كىمكى بىلگەي خەستە كۆڭلۈمدە نى ئاتەش پارەدۇر.

ئەيزەن لەھۇ

گۈل يۈزى ئەترافىدا ئۇل لالەئى ئەسفەرمۇدۇر؟
يانىدا زۇلفىمۇدۇر يا كاكۇلى ئەنبەرمۇدۇر؟
لالەئى ئەسفەرمۇ دەي ئۇل ئاي يۈزىنىڭ دەۋرىدە،
يا قەمەر دەۋرىدە كۆرگۈزگەن ئۆزىن ئەختەرمۇدۇر؟
لەئلىدىنمۇ ھەر زەمان زاھىر بولۇر شىرىن سۆزى،
يوقسە گۈل يافراغىدىن بولغان ئەيان شەككەرمىدۇر؟
ئارەز ئۈزرە ھەر تەرەفمۇ كۆز ئاچىپسەن ناز ئىلە،





يا ئاچىلغان ھەر سارى گۈلزار ئارا ئەنبەرمۇدۇر؟
دەھر ئىچىندە ئاپەتى تۇشمىش قىيامەت بولدىمۇ،
ياكى چىققان بەزمدىن مەست ئول پەرى پەيكەرمۇدۇر؟
لەئلى مەيدىن جان تۇتۇپمەن، ساقىيا، شەرھ ئەيلەكىم،
بادە قۇتى رۇھدۇر يا ئۆزگەچە جەۋھەرمۇدۇر؟
ئەي ھۈسەينىي، بارچە ئۇششاق ئىچرە سەنسەن بىنەۋا،
ھالىڭا ناسازلىقلار قىلغان ئول كافەرمۇدۇر؟

ئەيزەن لەھۇ

ئەلگە باقىپ ھەر زەمان يۈز ناز ئىلە كۈلمەك نېدۇر؟
ئۆزگەلەرنى ئىرگۈزۈپ، ۋەھ، مېنى ئۆلتۈرمەك نېدۇر؟
ئەل سارى باقىپ كۈلۈپ غۇنچەڭنى ئەيلەپ دۇر فىشان،
رەشك پەيكانىن ھەزىن كۆڭلۈم ئارا تەگمەك نېدۇر؟
ئابى ھەيۋانىڭدۇر ئەلگە جان باغىشلاپ لۇتف ئىلە،
لەئلىڭ ئۇتىدىن مېنىڭ جانىمنى كۆيدۈرمەك نېدۇر؟
نۇش خەند ئەيلەپ، چۇچۇك سۆزلەر قاتارسەن ئۆزگەگە،
مەن ۋىسالىڭدىن تەھەففۇز ئەيلەگەچ، سۆكمەك نېدۇر؟
ئىت ياماﻧلاپتۇر ئىيەسگە خەبەر يوق، ئەي كۆڭۈل،
بۇ مەسەلدەك ھەر زەمان ئول شوخدىن كۆسمەك نېدۇر؟



ئەلگە لۇتف ئەتمەكتىن ئەر جانىمنى ئالماقتۇر غەرەز،
يار ئەگەر سەنسەن مېنىڭ جان بەرمەكىمگە شەك نېدۇر؟
ئەي ھۇسەينىي، چۇن ماڭا كۆپرەك ئېدى ئۇممىدى لۇتف،
ماڭا كەم بولماق نې ئەردى، غەيرىغە كۆپرەك نېدۇر؟

ئەيزەن لەھۇ

بولسام ئۆي كۇنجىدا، ئەشكىم قەترەسى گۇلنار ئېرۇر،
ئەزمى گۇلزار ئەيلەسەم، گۇل كۆزلەرىمگە خار ئېرۇر.
كۈندۈز ئول بۇ بىرلە ھەر نەۋئ ئولسا قىلغاي مەن بەسەر،
كېچە ۋەيران ئۆيدە، ۋەھ، يالغۇزلۇغۇم دۇشۋار ئېرۇر.
قىلماغاي مەنئى جۇنۇنۇم ئىشق ئارا كۆيگەن كىشى،
كىم مېنى دىۋانە قىلغان بىر پەرى رۇخسار ئېرۇر.
ئارزۇدۇر تۈشدە ۋەسلىڭ، ۋەھكى، تۈش ئېرۇر مەھال،
ماڭاكىم كۆزۈم كېچە تاڭ ئاتقۇچە بىدار ئېرۇر.
تا ھۇسەينىي ۋەسل ئۇچۇن يۈزۈڭگە تىككەي كۆزلەرىن،
ئىگنەدەك ھەر كىرپىكىگە ئەشكىدىن بىر تار ئېرۇر.

ئەيزەن لەھۇ

فۇرقەتىڭدىن خەستە كۆڭلۈم قەترە ـ قەترە قان ئېرۇر،
ئاللاھ، ئاللاھ، بۇ نې ھەجرى بىھەدۇ پايان ئېرۇر.



هەر سارى يۈز زەخم ئېرۇر جىسمىمدا، ۋەھ، ناسىھ تىلى
ھەجر ئوقىدىن ھەر جەراھەت ئىچرە بىر پەيكان ئېرۇر.
كۆز قىلۇر بۇ ۋەجھىدىن تۈنلەر دۇرى ئەشكىن نىسار،
كىم خەيالىڭ جان ئۆيىدە ھەر كېچە مېھمان ئېرۇر.
خەنجەرى جەۋرۇڭدۇرۇر ئوتلۇق كۆڭۈل ئاسايىشى،
سۇ ئىچۈككىم تەشنە لەبلەر دەردىغە دەرمان ئېرۇر.
ئەي ھۈسەينىي، ھەجر ئارا بىخۇدلۇغۇم ئەيب ئەتمەگەي،
ھەر كىشىكىم بىر پەرى ئىشقىدا سەرگەردان ئېرۇر.

ئەيزەن لەھۇ



زەئىفدىن ھەردەم كى ئول ئارامى جانىم سۇستايۇر،
جانىم ئولۇپ خەستە، جىسمى ناتەۋانىم سۇستايۇر.
زىنھار ئەۋرۇلگەسەن باشىغا، ئەي سەرگەشتە جان،
ھەر قاچانكىم كۆرسەڭ، ئول جانۇ جەھانىم سۇستايۇر.
كۆرۈنۇر ھەردەم قىزىل تال خىپچەسىدەك قان ياشىم،
غەم يەلىدىن چۈنكىم ئول سەرۋى رەۋانىم سۇستايۇر.
مېھرىبانلىغدىن ئەمەس، ۋەللاھ، تىرىك بولماق ماڭا،
دەرددىن چۈن ئول رەفىقى مېھرىبانىم سۇستايۇر.
ئەي ھۈسەينىي، سۇستلۇق بولغاي ئەگەر جان بەرمەسەم،





زەئىفدىن ھەردەم چۇ ئول ئارامى جانىم سۇستايۇر.

ئەيزەن لەھۇ

ئۇيلەكىم خۇرشىد تابى زەررەنى پەيدا قىلۇر،

غۇنچە ئاغزىڭ سىررىنى ھەم گۇل يۈزۈڭ گۇيا قىلۇر.

زىب ئېتەر كۆك سەبزەسى بىرلە قوياش رۇخسارىنى،

كاتىبى قۇدرەتكى خەتتىڭ نۇسخەسىدىن ئىنشا قىلۇر.

بار ئىكىن ئاشىققە مىھنەت ئۇقلارىن ياغدۇرغالى،

ئۇلكى مىژگانىڭ قىلىپ ناۋەك، قاشىڭنى يا قىلۇر.

ئىستەدى جانۇ كۆڭۈل نەقدىنى، ۋەھ، سۇد ئەيلەرەم،

گەر لەبىدىن بۇسەئى ئول نەقد ئىلە سەۋدا قىلۇر.

ھەجر زۇلمىن كۆركى سەبر ئەيلەي دېسەم، ئەيلەر ھەلاك،

ئەيلەسەم بىسەبرلىق ئالەم ئارا رەسۋا قىلۇر.

مېنىڭ ئەھۋالىم كۆرۈپ ئىبرەت ئالىڭ، ئەي ئەھلى ئىشق،

كىمكى بىر بەدمىھر ئىشقىدا ئۆزىن رەسۋا قىلۇر.

ئەي ھۇسەينىي، چۇن ئول ئوتلۇق چىھرەدىن ئالسام نەزەر،

كۆزلەرىمگە دەردى ھىجران كاجىدىن ئوت چاقىلۇر.

ئەيزەن لەھۇ

سايەبانى زۇلفىكىم ئايدەك يۈزىگە ياپىلۇر،



سەرسەرى ئاھىمدىن ئۇل گەھ ياپىلۇر، گەھ ئاچىلۇر.

ھەر قايان كۆز سالسا ئۇل گۇل چەھرە، ئەينى رەشكدىن،

كۆڭلۈمە ھەر كىرپىكى، ۋەھكىم، تىكەندەك سانچىلۇر.

تەلبە كۆڭلۈم ھەر قايان ئەتسە بەدەن ۋەيراندىن،

ئىشق سەھراسىدا مەجنۇنۇەشلەر ئىچرە تاپىلۇر.

ئەي مۇسۇلمانلار، ئۆزۈمنى بىلمەسىم كەيفىيەتىن،

ئىشق ئاشۇبى ئارا بىئىختىيار ئۇلغان بىلۇر.

گۈلبۇنى ئىشقىم كۆڭۈل باغىدا ئەشكىم سۇيىدىن،

مەن خۇد ئەكتىم، بىلمان ئاندىن تا نى گۇللار ئاچىلۇر.

سەرنەۋشتىم ئىشق ئىمىش، ئەي شەيخ، كۆرمەي چارە يوق،

ھەركىشىنىڭ ئاللىغا نىكىم ئەزەلدە يازىلۇر.

نىچەكىم ئىخفا قىلۇر ئىشقىن، ھەۋەسىنىي، ۋايكىم،

كۆرگەچ ئۇل ئاينى يانا بىئىختىيار ئەفغان قىلۇر.



ئەيزەن لەھۇ

چۇن يۈزىگە ئوتلۇق ئاھىمنىڭ شەرارى ساچىلۇر،

گويىيا زەر ھۇققەدۇركىم گۇل يۈزىگە تاپىلۇر.

يۈز قوياش خەتتى شۇئائى گەر يىغىلسا، بولماغاي

مەھۋەشىم زەر رىشتە قىلغان زۇلفىچەكىم، ئاچىلۇر.


نی شرف دور اول پری مجنونغه کیم کونکلینی
قید اوچون آلتون سلاسل آچیبان محکم بیلور
خلقی زربفت اگر ایرماس نی حاجت کیم ساچین
هر طرف چون کیم آچار جسمی سراسر یاپیلور
کوکته چون خورشید آلتون زیب ایله بو نوع ایماس
یرده خود انداق قچان بیر سعد کوکب تاپیلور
ای حسینی شکر قیل کیم یار وصلی قدرینی
هجر ملکی دشتیدا آواره بولغانلار بیلور

نې شەرەفدۇر ئول پەرى مەجنۇنىغاكىم، كۆڭلىنى
قەيد ئۈچۈن ئالتۇن سەلاسىل ئاچىبان مەھكەم بىلۇر.
خىلقەتى زەربەفت ئەگەر ئەرمەس نې ھاجەتكىم، ساچىن
ھەر تەرەف چۇنكىم ئاچار جىسمى سەراسەر ياپىلۇر.
كۆكتە چۇن خۇرشىدى ئالتۇن زىب ئىلە بۇ نەۋئ ئەمەس،
يەردە خۇد ئانداق قاچان بىر سەئد كەۋكەب تاپىلۇر.
ئەي ھۇسەينىي، شۇكر قىلكىم، يار ۋەسلى قەدرىنى
ھەجر مۈلكى دەشتىدە ئەۋۋارە بولغانلار بىلۇر.

ئەيزەن لەھۇ


قایسی جنت سبزه سی خطی نموداریچه بار
یا مسیحا نطقی اول لعل شکرباریچه بار
ناصحا جنت امیدی بیرله بارمان کوییدین
کیم بو مین محزونغه یوز فردوس گلزاریچه بار
آب حیوان گر روان و روح پرور دور مسیح
نی بو رفتاری نی اول جانبخش گفتاریچه بار
ای مصور نیچه رنک آمیزلیق دا قایسی رنک
لعلی نینک شنگرفی یا خود خطی زنگاریچه بار
دیسه بولغای کیم نظر فنی نی بیلماس

قايسى جەننەت سەبزەسى خەتتى نەمۇدارىچە بار،
يا مەسىھا نۇتقى ئول لەئلى شەكەربارىچە بار.
ناسىھا، جەننەت ئۈمىدى بىرلە بارمان كۈيىدىن،
كىم بۇ مەن مەھزۇنغا يۈز فىردەۋس گۈلزارىچە بار.
ئابى ھەيۋان گەر رەۋانۇ رۇھپەرۋەردۇر، مەسىھ
نې بۇ رەفتارى، نې ئول جانبەخش گۇفتارىچە بار.
ئەي مۇسەۋۋىر، نىچە رەڭئامىزلىقدا قايسى رەڭ
لەئلىنىڭ شىنگەرفى يا خۇد خەتتى زەنگارىچە بار.
دىسە بولغايكىم نەزەر فەننى نې بىلمەس زەررەئى،





كىمكى ئايىنى دەر ئانىڭ خۇرشىد رۇخسارىچە بار.
بۇزما ئاشىق كۆڭلىنى، بىللاهكى، ئىشق ئەتۋارىدا
ھېچ جۇرم ئەھلى مۇھەببەت كۆڭلى ئازارىچە بار.
ئىشق ئارا مەجنۇن ھۇسەينىي بىرلە قىلماس بەھسكىم،
نې ئانى بار ئانچە، نې يارى ئانىڭ يارىچە بار.

ئەيزەن لەھۇ

تا كۆزۈم تۇشتى يۈزۈڭگە، كۆڭلۈم ئولدى بىقەرار،
سەن ھەم ئانىڭ لۇتفۇ مېھرىڭدىن مېنى ئۇممىدۋار.
ئەمدىكىم بولدۇم گىرىفتارىڭ تۇمەنمىڭ ناز ئىلە،
بىۋاپالىغ رەسمىدە ئايىنى قىلدىڭ ئاشكار.
ئەيلەسەم لەئلى رەۋان بەخشىڭغە جانىمنى فىدا،
خەنجەرى مىژگان بىلە جانىمنى ئەيلەرسەن فىگار.
غۇنچەدەك كۆڭلۈم باشىڭغا ئەۋرۈلۈرنى ئىستەسە،
ئاندا، ئەي گۇل، غەمزە نىشىدىن سالۇرسەن خارخار.
ئىستەسەم باشىمنى ئەيلەي ئاستانىڭ تۇفراغى،
زۇلم تاشى ياغدۇرۇپ، ئاندىن چىقارۇرسەن غۇبار.
گەر دىسەم باغرىمنى ئەيلەي ئىتلارىنىڭ تۇئمەسى،
زاغلارغا تاشلاپ، ئەتمەسسەن ئىتىڭگە ئىختىيار.


بوددور امیدی حسینی نینک کیم یا تنگری انگا
رحم پرکای یا انکا صبر و تحمل کردکار
غنچه خندان یا ربّ کونکلومدا قالدی خار خار
تینماغور جانیمغه آنسیز دونیدا باری نی بار
سرو قدلار لاله رخلار دین آچیلماس بو کونکول
وه نیتای کیم دهر باغی ایچره یوق اول گلعذار
وصل جامیدین آچیلور ایردی کونکلوم باغ باغ
وای یوزمینک وای کیم اول می یا ربّ قالمیش خمار


قایداکیم کورسانک آنی کولماک بیله خورسند ایدینک
عکسین ایلای کونکول هر سری دا ینغلا زار زار
وصل ایله هر دم انکا جانیم فدا ایلای دیدیم
نیوچون ای آرام جانیم ایلادینک مندین کنار
ای کونکول توتقیل غنیمت شه مظفر وصلینی
کیم او توپتور دونیده موندا ق بلالار بیشمار
ای حسینی یارسیز سن نیلاکونک عالم ارا
قوپ عدم سرمنزلی عزمین قیلیپ کینچه بار

بۇدۇر ئۈممىدى ھۆسەيىنىنىڭكى، يا تەڭرى ساڭا
رەھم بەرگەي، يا ئاڭا سەبرۇ تەھەممۇل كىردىگار.

ئەيزەن لەھۇ

غۇنچەئى خەندان بارىب، كۆڭلۈمدە قالدى خارخار،
تىنماغۇر جانىمغا ئانسىز دۇنيىدا بارىي نې بار.
سەرۋ قەدلەر، لالە رۇخلاردىن ئاچىلماس بۇ كۆڭۈل،
ۋەھ، نېتەيكىم، دەھر باغى ئىچرە يوق ئۇل گۈلئۇزار.
ۋەسل جامىدىن ئاچىلۇر ئەردى كۆڭلۈم باغ ـ باغ،
ۋاي، يۈزمىڭ ۋايكىم، ئۇل مەي بارىب، قالمىش خۇمار.
قايداكىم كۆرسەڭ ئانى كۈلمەك بىلە خۇرسەند ئىدىڭ،
ئەكسىن ئەيلە، ئەي كۆڭۈل، ھەر يەردە يىغلا زار ـ زار.
ۋەسل ئارا ھەردەم ساڭا جانىم فىدا ئەيلەي دېدىم،
نېچۈن، ئەي ئارامى جانىم، ئەيلەدىڭ مەندىن كەنار.
ئەي كۆڭۈل، تۇتقىل غەنىيمەت شاھ مۇزەففەر ۋەسلىنى،
كىم ئۆتۈپتۇر دۇنيىدا مۇنداق بەلالار بىشۇمار.
ئەي ھۆسەيىنىي، يارسىز سەن نەيلەگۈڭ ئالەم ئارا،
قوپ ئەدەم سەرمەنزىلى ئەزمىن قىلىپ كېنچە بار.

ئەيزەن لەھۇ





تىغى ھىجران سۇردى يەتمەي ۋەسلىدىن كۆڭلۈمگە بەھر،

نۇش بەرمەسدىن بۇرۇن بەردى ماڭا بىر قەترە زەھر.

بولسا يۈز يىل ۋەسل، ئاخىر ھەجر، ئول سائەت كىشى

تاپماغاندەكدۇر ۋىسال ئەييامىدىن بىر لەھزە بەھر.

قەھر جامىن دەم بەدەم تارتارمەن ئول بەدخۇينىڭ،

گۇيىيا تەڭرى مېنى خەلق ئەيلەمىش تارتارغا قەھر.

بولسا لەيلى بىرلە مەجنۇن دەشت ئاڭا جەننەتچە بار،

لېك ئانسىز بولسا مەجنۇن، بار ئاڭا دەۋزەخچە شەھر.

يار چۇن كۆڭلۈڭدەدۇر، ئاتىن تۇتۇپ قىلما فىغان،

ھەق چۇ ئاگەھدۇر، ئانىڭ زىكرى ھەقى خۇشراقكى چەھر.

كۆپ كۆڭۈلنى بۇ چەمەنغە باغلاما، ئەي ئەندەلىب،

كىم گۈلى مەقسۇد ھەرگىز ئاچمادى گۈلزارى دەھر.

تۇشتى چۇن ھەجرىڭغە ئەمدى ۋەسل تۇخمىن ئەككەلى،

كۆزلەرىدىن، كۆركى، ئاچىپدۇر ھۇسەينىي ئىككى نەھر.

ئەيزەن لەھۇ

نې ھەبىبىكىم، فىغانىمدىن ئاڭا بولغاي ئەسەر،

نې رەفىقىكىم، مېنىڭ ھالىمدىن ئول تاپقاي خەبەر.

يا ئول ئايىتىپ لەئلىدىن سۆز، ئەيلەسە جانىمغە قۇت،





يا بۇ پەند ئايتىپ، ئۆچۈرسە كۆڭلۈم ئوتىدىن شەرەر.

يا ئول ئەتسە كەم ۋىسالى بىرلە باغرىم قانىنى،

يا بۇ ئارىتسا يۈزۈمدە ئەشكدىن خۇنى جىگەر.

ئول ئەگەر بىداد تىغى بىرلە كۆكسۇم قىلسا چاك،

بۇ تىكىپ ئول چاكنى مەرھەمدىن ئەتسە بەھرەۋەر.

زۇلم بىرلە ئول ئەگەر جانىمغا سۇرسە تىغى قەتل،

يىغلابان بۇ ھالىما، باشىمدا بولسا نەۋھەگەر.

نېچە جان قىلدىم فىدا، نى ئانى تاپتىم، نى مۇنى،

ھەر نېچە تۇخمى ۋەفا ئەكتىم، ۋەفا بەردى سەمەر.

لۇتف ئېتىپ، ساقىي، ھۇسەينىيغا تولا تۇتقىل قەدەھ،

كىم بۇ ئەندۇھ ئىچرە ئەۋلا ئۆزدىن ئولماق بىخەبەر.

ئەيزەن لەھۇ

مەھۋەشى يوق سورغالى بۇ زار ھەيراندىن خەبەر،

غەمكەشى يوق تاپقالى بۇ رازى پىنھاندىن خەبەر.

ۋەسل شەمئى شۇئلەسىدىن كۆرگۈزۈر پەرۋانە داغ،

مەن كەبى ئول قايدا بەرگەي داغى ھىجراندىن خەبەر.

ۋەھ، قانى ئول دىلرەباكىم، بار ئىدى ھۇسنىدا ئان،

ھېچ دىلبەر بۇ زەمان بەرمەس ماڭا ئاندىن خەبەر.



ھەجرىدىن بۇ دەم ماڭا دەۋراندا يۈز ئاشۇب ئېرۇر،

ئاھكىم، تاپماسمەن ئۇل ئاشۇبى دەۋراندىن خەبەر.

بەس، پەرىشاندۇر دىماغىم تا نەسىمى مۇشكبىز،

شامى غەم يەتكۈردى ئۇل زۇلفى پەرىشاندىن خەبەر.

تەلبە كۆڭلۈمنى لەبىڭ قان ئەيلەپ، ئاغزىڭ قىلدى گۇم،

تاپقاي ئانى ئىستەگەي، يا رەب، بۇ دەم قاندىن خەبەر.

ھەجر دەشتىدە ھۇسەينىي زەئىفدىن بار ئۈيلەكىم،

ئىستەگەن تاپقاي مەگەر ئۇل سارى ئەفغاندىن خەبەر.

ئەيزەن لەھۇ



ۋەھ، نې ھالەتدۇركى مەن ھەرنېچە كۆرسەتسەم نىياز،

ئەي مەھى بەدمىھر، سەندىن زاھىر ئولماس غەيرى ناز.

كىمگەكىم بەردىم كۆڭۈل، ۋەھ، دۇشمەنى جاندۇر ماڭا،

بولماسۇن ھېچكىمگە مەندەك ئىشق ئارا سۆزۇ گۇداز.

تالىئىم زەئىفدىن ئولغاي قاچماغىڭ مەن تەلبەدىن،

يوق ئېسە نېگە پەرى مەجنۇندىن ئەتكەي ئەھتىراز.

يوقتۇرۇر ئىشق ئەھلى ئىچرە مەن كەبى رەسۋا يەنە،

كۆرگۈزۈپ كۆپ مىھر يارىغا، ۋەفاسىن كۆرگەن ئاز.

نېچەكىم كۆردۈڭ جەفا، مىھرىڭنى ئەفزۇن ئەيلەدىڭ،


ای حسینی یوقتورور عالمدا سیندیک عشق باز
نرگس الماس بیردین اول فتّان کوزونک الیدا کوز
اغزینک الیدا توتولمیش غنچه نینک اغزیدا سوز
رنگ سیز خالینک بویارغا حل قیلای کوز مردمین
سورتکامین شاید اوشبو ریو ایله خالینکغه کوز
قیلماغیل عشاق ارا مین تیلبه دین بیگانه لیق
کیم قیلیب دور حسن اهلی دنیادا کوپ یاتنی اوز
وصل ارا هر کیمگا کورکاچ التفاتین توزمادینک
ای کونکول هجران اوتیغه نیچه کویسانک امدی توز
تا که کوینک توفراغین ساوردی رخسارمدین آه
عذرا اوچون النکدا قویدم هر زمان توفراقه یوز
چرخ چون بوزدی قرار و صبر و هوشوم کلبه سین
سین هم ای طوفان اشکیم بار آنینک طرحینی بوز
چون حسینی توبه سیندوردی مغنّی توز نوا
هم حسینی پرده سیندا ساقیا سین باده سوز
قان کورو ب اشکیمنی کونکلوم ناله سینی سورماکیز

ئەي ھۇسەينىي، يوقتۇرۇر ئالەمدە سەندەك ئىشق باز.

ئەيزەن لەھۇ

نەرگس ئالماس يەردىن ئول فەتتان كۆزۈڭ ئاللىدا كۆز،
ئاغزىڭ ئاللىدا تۇتۇلمىش غۇنچەنىڭ ئاغزىدا سۆز.
رەڭسىز خالىڭ بوياراغا ھەل قىلاي كۆز مەردۇمىن،
سۈرتكەيمەن شايەد ئۇشبۇ رىۋ ئىلە خالىڭغا كۆز.
قىلماغىل ئۇششاق ئارا مەن تەلبەدىن بىگانەلىق،
كىم قىلىپدۇر ھۇسن ئەھلى دۇنيادا كۆپ ياتنى ئۆز.
ۋەسل ئارا ھەر كىمگە كۆرگەچ ئىلتىفاتىن تۈزمەدىڭ،
ئەي كۆڭۈل، ھىجران ئوتىغە نىچە كۆيسەڭ ئەمدى تۈز.
تاكى كويىڭ تۇفراغىن ساۋۇردى رۇخسارىمدىن، ئاھ،
ئۇزر ئۈچۈن ئاللىڭدا قويدۇم ھەر زەمان تۇفراققا يۈز.
چەرخ چۈن بۇزدى قەرارۇ سەبرۇ ھۇشۇم كۈلبەسىن،
سەن ھەم، ئەي تۇفانى ئەشكىم، بار، ئانىڭ تەرھىنى بۇز.
چۈن ھۇسەينىي، تەۋبە سىندۇردى، مۇغەننىي، تۈز نەۋا
ھەم «ھۇسەينىي» پەردەسىندە، ساقىيا، سەن بادە سۈز.

ئەيزەن لەھۇ

قان كۆرۈپ ئەشكىمنى، كۆڭلۈم نالەسىنى سورماڭىز،





چاك ئۇلۇپ كۆكسۇم، جىگەر پەرگالەسىنى سورماڭىز.

ئەزم ئېتىپ ئول غۇنچەئى خەندان ئەدەم گۈلزارىغا،

يۈز سارى ئاچقان سىرشكىم لالەسىنى سورماڭىز.

تىيرە كۆڭلۈمدە يۈزىن، گەردىمدە دەردىن كۆرگەن ئەل،

غەم تۈنىدە دەردۇ مىھنەت ھالەسىنى سورماڭىز.

چۈنكى باردى ياشىم، ئەمدى كۆز ئاقىدىن قەترەلەر

تامغانىن ھەريان كۆرۈپ، غەم ژالەسىنى سورماڭىز.

ھەجرىدە كۆرگەن ھۆسەينىنىڭ فىغانىن، دوستلار،

يۈسۈپ ئۈچۈن پىرى كەنئان نالەسىنى سورماڭىز.

ئەيزەن لەھۇ

ئىشقىنى مەنئ ئەتسەلەر كۆڭلۈم ئۇتى ئەيلەر سىتىز،

شۇئلە ياڭلىغكىم، نەفەس تەئسىرى ئەيلەر ئانى تىز.

ئىشق دائىم زەئفىدىن جىسمىمنى ئىستەر ئۆرتەگەي،

ئەللاھ، ئەللاھ، نېچە قىلغاي بەرق خەس بىرلە سىتىز.

جۇزۇ ـ جۇزۇۋۇم ھەجر ئارا بىر ـ بىردىن ئايرىلماق تىلەر،

كاش قىلساڭ ھەجر تىغىدىن تەنىمنى رىز ـ رىز.

تىيرەدۇر ئول تۇررە، گۇياكىم فەلەك پەرۋىزىنى

خەتتىڭ ئۆزرە بولدى ھىجرانىم تۈنىدىن مۇشكبىز.



قامەتىڭ سەرۋى بۇ ئالەمدە قىيامەت، بەسدۇرۇر،

جىلۋە بىرلە بەس يانا ھەر لەھزە سالما رۇستەخىز.

ياردىن ئايرۇ تىرىكلىك ئىستەمەسمەن، ساقىيا،

ھەجر زەھرىدىن مېنىڭ جامىمغا بولغىل جۇرئە رىز.

ئەي ھۆسنىڭ رەۋزە ئىشق ئەھلىغە دىلبەر كۆيىدۇر،

تاپسالار زۇھد ئەھلى جەننەت، سەن ئانىڭ كۆيىدا كىز.

ئەيزەن لەھۇ

بەئدازىن ئەي ھۆسن ئەھلى، ئەلنى شەيدا قىلماڭىز،

بىۋەفالىغ ئەيلەبان ئالەمغە رەسۋا قىلماڭىز.

ئاڭلاڭ، ئەي ئەھلى ۋەفا، گەر ئۆلسەڭىز تارتىپ جەفا،

بىۋەفالاردىن ۋەفا رەسمى تەمەننا قىلماڭىز.

مەن ئەسىرى ئىشقمەن، غەۋغا نېدۇر ئۇششاق ئارا،

ئەي رەفىقى پەندگۇ، ئايتىڭكى: غەۋغا قىلماڭىز.

مەن ئۆلەر ھالەتدەمەن، ئەي يار كۆيى ئىتلارى،

ئەيلەمەڭ غەۋغا، مېنىڭ سىررىمنى ئىفشا قىلماڭىز.

ئوت تۇشۇپتۇر دەشت ئۆزە ئاھىمدىن، ئەي ئەھلى تەرەب،

لالەزار ئەيلەپ تەسەۋۋۇر، ئەزمى سەھرا قىلماڭىز.

سىررىن ئەلگە ئاشكار ئەيلەر كىشىگە ئىشق ئارا



زىنھار ئۆز سىررىڭىزنى ئاشكارا قىلماڭىز.
ھەر نەفەس جانان بىلە تاپمىش ھۆسنىنىي خىلۋەتىي،
بارىڭ، ئەي جانۇ كۆڭۈل، ھەردەم ئەلالا قىلماڭىز.

ئەيزدىن لەھۇ

ئۇل قۇياش كۇيىدا مەن ئاۋارەنى بەند ئەيلەڭىز،
بارى بۇ تەزۋىر ئىلە كۆڭلۈمنى خۇرسەند ئەيلەڭىز.
كۇيىدا مەن تەلبەنى يۈز جەۋر بىرلە ئۆلتۈرۈپ،
ئۇل سۇئۇبەتلەرنى يۈز دىۋانەغە پەند ئەيلەڭىز.
ئىستەي ـ ئىستەي تاپساڭىز كۆڭلۈمنىكىم، بۇزمىش مېنى
ۋەسل تىغى بىرلە سىز پەركەند ـ پەركەند ئەيلەڭىز.
خەستە كۆڭلۈم زەئفى ھەددىن ئۆتسە قۇۋۋەت كەسبىغە،
دوستلار، ئۇل يۈزۈ لەب يادىنى گۇلقەند ئەيلەڭىز.
كۆڭلەكىن چاك ئەتسە ئۇل مەست، ئەيكى، ئەيلەرسىز رۇفۇ،
رىشتەئى جانىمنى ھەر تارىغا پەيۋەند ئەيلەڭىز.
كۆڭلۈمە ئىلمۇ ئەدەب تەئلىمى كۆپ بەرمەك بىلە،
ۋامىقۇ فەرھادۇ مەجنۇندەك خىرەدمەند ئەيلەڭىز.
گەر ھۆسنىنىي دىسەڭىز شۇرابە تۆككەي تەلخ ـ تەلخ،
خۇبلار، گەھى ئاڭا باقىپ شەكەرخەند ئەيلەڭىز.

داۋامى كېيىنكى ساندا

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن گۈلئايىم ياقۇپ: شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى جوڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئوبۇلقاسىم مەمەت: شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە مەركىزىدە)

مولla قۇتلۇق نەزەربەگ مۇھتەسىب، موللا كەنجى خاتىپ سايرامىي

دەر بايانى سايرام

نەشرگە تەييارلىغۇچى: روزى ھاپىز

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: سايرام قەدىمىي ماكانلارنىڭ بىرى. بۇ جايدا مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا مىڭئۆي بىنا قىلىنىشقا باشلىغان. بۇ جايدا ئەھمەد يەسسەۋىي، موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا ئوغلى سايرامىي، نىمشېھىت ئەرمىيا ئەلى دامولla سايرامىي، موللا قۇتلۇق نەزەربەگ مۇھتەسىب ئاخۇنۇم سايرامىي ۋە باشقا كۆپلىگەن ئالىملار، تەرىقەت دېڭىزىنىڭ غەۋۋاسلىرى، مۇقام چىمەنزارىنىڭ خۇشناۋا بۇلبۇللىرى، تارىخ ئاسمىنىنىڭ ھۇمايۇنلىرى، نەزىم كانلىرىنىڭ گۆھەرلىرى، مەرىپەت كۆكىنىڭ ھىلالى، سەنئەت گۈلزارىنىڭ نىھالى، جاھان سىپاھلىرىنىڭ سەردارلىرى، ئەقىل ـ پاراسەت خەزىنىسىنىڭ ساھىبلىرى ئۆتكەن. بۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى، قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى تارىخ بەتلىرىگە خاتىرىلەنگەن ھەمدە تارىختىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن ـ ئېغىزىغا تارقىلىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن. بەزى مەلۇماتلار بولسا يېڭى تېپىلغان ھۆججەت، ماتېرىياللار ئارقىلىق بىزگە ئايان بولماقتا.

كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلغان بۇ «دەر بەيانى سايرام» (سايرامنىڭ بايانى) ناملىق ئەسەرمۇ خېلى كۆپ ئىجتىمائىي، تارىخىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممەتلىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنى ئۇلۇغ بوۋام موللا قۇتلۇق نەزەربەگ مۇھتەسىب ئاخۇنۇم سايرامىي بىلەن بوۋام موللا كەنجى خاتىپ سايرامىيلار يازغان. كىچىك چاغلىرىمدا دادام بۇ ئەسەرنىڭ قول يازمىسىنى تولا ئوقۇيتتى. مەنمۇ بۇ قىسسەنى تولا ئوقۇيتتىم ھەمدە يادلىۋالاتتىم. 1960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ كۆتۈرۈلگەن ھەمدە ئون يىل داۋاملاشقان بوران ـ چاپقۇندا بۇ ئەسەر كۆيدۈرۈلۈپ، ئاران تۆت بېتىلا ساق قېلىپ ھازىرغىچە يېتىپ كەلدى. كېيىن مەن يادلىغانلىرىمغا ھەمدە باشقىلارنىڭ قەغەز يۈزى ۋە كاللىسىغا خاتىرىلىۋالغانلىرىغا ئاساسەن ئۇشبۇ قىسسەنى تولۇقلىدىم. ئەينەن تولۇقلاشقا ئىمكان بولمىغان جايلىرىنى غۇۋا ئېسىمدە قالغان مەزمۇنلار بويىچە يېزىپ چىقتىم ھەمدە خاتىمە قىسمىدا ئىجادىي شېئىرىمنى قوشتۇم. ئەسلىي قول يازما بار تۆت پارچە شېئىردا ئەينى دەۋرنىڭ تىل ـ يېزىق ئەھۋالى ياخشى ئەكس ئەتكەن، ئەمما باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزۈمنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسەن تولۇقلىغان شېئىرلاردا ئەينى دەۋرنىڭ تىل ـ يېزىق ئەھۋالىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئىمكان بولمىدى، چۈنكى، كۆچۈرۈۋالغان ياكى كاللىدا خاتىرىلىۋالغان شېئىرلارنىڭ تىلى تىل ۋە يېزىقنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن. شۇڭا، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇنى توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

قىسسەدە دېيىلىمىزدىكى، بولۇپمۇ سايرامدىن ئىبارەت بىر يۇرتنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا ئالاقىدار خېلى كۆپ ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ مۇئەييەن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. مۇشۇ سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئەسەرنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇم.

1



2



سەنايى مۇسەننىفى رەھمەتۇللا ئەلەيھى

سەنايى[1] بىنەدەد[2] خەللاقى[3] جەھانغا،
دۇرۇدى خاتەمى[4] فەيغەمبەرانغا.
مەقامى مۇنەززە[5] فاك سەلتەنەتدۇر،
كەلامى[6] نۇر چەراغى مەئرىفەتدۇر.
ياراتتى سۇتۇنسىز[7] غەبراۋۇ ئەفلاك[8]،
دىياران تاغ ـ تېڭىز، جەزىرە، تۇفراق.
فەلەكدە تۇرغۇزدى شەمسۇ قەمەر[9]،
جەھاننى ئەيلەدى نۇرى مۇنەۋۋەر.
ھۆكمىدىن ئالماشتى كېچەۋۇ كۈندۈز،
ئارقىدا ئاتمىش بەش، ئالدىدا ئۈچ يۈز.
تىرگۈزدى بىنەدەد خەللاقى ئالەم،
ئاتاسى ئۇلارنىڭ ھەزرەتى ئادەم.
ئالەمگە رەب ئېرۇر سۇلتانى بەرھەق،
شەھادەت كەلتۈرگەن تاپقۇسى رەۋنەق.
تەقى روي ئۆگۈرگەن ھەر بەندەئى كار،
ئەزابى سەختىغە بولغاي گىرىفتار.
ئەقىدە باغلاغان ھەر قايسى ئىنسان،
جايلارى جەننەتدۇر گۈل باغۇ بۇستان.
بۇيۇردى زەمىننى ئەيلەشكە مەكان،
كەبىرۇ سەغىرۇ[10] تەمام ئىنسۇ جان.
ئۆزۈم ھەم جاي ئالدىم ئۇشبۇ مەكاندىن،
جەھاننىڭ ئەبزەلى بۇ گۈلىستاندىن.

نەسەبى مۇسەننىفى[11] رەھمەتۇللا ئەلەيھى[12]

ئاتىم كەنجى ئۆزۈم مىسكىن بىچارەمەن،
بار ھەياتىم ئەل ئىشقىدا ئەۋۋارەمەن.
ئاتام ئىسمى قۇتلۇق نەزەر، خاجە نەسلى،
مۇقەددەمدە مەنزەلگاھى چىميان[13] ئەسلى.
غافۇر نەزەر غايىب نەزەر ئەجداد بىزگە،
خاجە نەزەر بابامىز ھەم ئۇستاد بىزگە.
مۇقەددەمدە قۇتلۇق نەزەر ئاتام يازغان،
يەسسىي، چىميان يۇرتلارىنى تالاي قازغان.
نىيەت قىلدىم مەن يازاي دەپ يۇرت بايانى،
جەھان فانىي، بۇ ئۆمرىنىڭ يوق فايانى.

ئۆلۈپ كەتسەم، بۇ كىتابىم نىشان قالسۇن،
ئەقرەبالار[14] ئوقۇپ مېنى ئەسكە ئالسۇن.
خۇدايا، بۇ ئىشلارىمغا مەدەد ئەيلە،
ھەر بەلايى مەرەزلەردىن سىھھەت ئەيلە.

زەبانى مۇسەننىفى رەھمەتۇللا ئەلەيھى

باشتا ئىلھام، قولدا قەلەم، دىلدا فىكر،
يۈرەكدە ئوت، جاندا ئىشق، تىلدا زىكر.
ئۆتتى كۈنلەر، ئۆتتى ئايلار قالدى كۆپ ئىش،
يېقىن كەلدى ئۆلۈم خەۋفى، چۈشتى تەشۋىش.
پۈكۈلدى بەل، تۆكۈلدى چىش، ئولغايدى ياش،
قىران ئەردىم قىروۋ قوندى ئاقاردى باش.
ھەيات ئەرمەس ئەل ـ يۇرتىنى كىم سۆيمەسە،
ئادەم ئەرمەس ئەل ئىشقىدا ھەم كۆيمەسە.
ئەل ـ يۇرتىدىن كەچكەنلەرنى كۆردۈم چەندان[15]،
ئانداغلارنىڭ قەلبىدە يوق قىلچە ئىمان.
ئاشىق ياڭلىغ[16] بۇ قەلبىمدە مەھبۇب ئىشقى،
يانىدى ۋىجدان بولدى گۈلخان كۆيۈپ فىشتى.
ئالغىن، كەنجى، قولغا قەلەم ھەقنى كۆزلە،
ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا راسنى سۆزلە.

ئىبتىدائى مۇقەددەمە

كەلامىمغە بولسۇن ھەقنىڭ ئىنايەتى،
يۇرت نامىنى ئايتۇر سايرام ۋىلايەتى.
بۇ يازغانىم مۇقەددەمە ئىبتىداسى،
«ئامىن» دەڭلار، تەمام بولسۇن ئىنتىھاسى[17].
بۇ سايرامنىڭ تەۋارىخى مۇقەددەمدۇر،
زەمانلاردىن ئەھلى ئىنسان مۇجەسسەمدۇر.
بۇ دىيارنىڭ شەيخ ـ شەبابى[18]، قىز ـ جەۋانى،
تۈركىي تىللىق ھەنەفىيە مۇسۇلمانى.
بۇندا بىسيار خەلايىقلار مەسكۇن[19] بولغان،
چەندان مەزار ـ مەشايىخلار مەدفۇن[20] بولغان.
فىرى مۇرشىد ئىبراھىم شەيخ تۇغۇلغان جاي،
قەبىر[21] بولۇپ لەھەت ئىچرە قويۇلغان جاي.
ئاقتائاتام، قىلىچئاتام بۇندا ياتار،
سۇلتانئاتا، سەئىدئاتا قاتار ـ قاتار.

٣

٤



سەرزەبان

زەبانىمنى بەيان ئەيلەي مەكانىمدىن،
نامى مەشھۇر ئەزىز يۇرتۇم سايرامىمدىن.
سايرام دېمەك توقسۇن، سايرام، قىزىل دېمەك،
ئاخىرىغا ئۇلاپ يانا قېيىر[22] دېمەك.
سايرام ئۆزى بىر ۋىلايەت كۆپ مەھەللە،
توقسۇن، سايرام، قىزىل، قېيىر فەللەمۇ فەللە.
سايرامدىكى سۆزلەپ ئۆتكەن يۇرتىنىڭ ئۆزى،
مۇقەددەمدە بولغان ئىكەن بىردىن يۈزى.
بۇ سايرامدا تاغۇ ئېقىن، دەريالار كۆپ،
ھەم قەدىمىي تەۋارىخى ئىزنالار كۆپ.
بىلمەس بۇنى يېڭى ئۆسكەن نەۋ جەۋانلار[23]،
يېزىپ كەتكەن، بۇرۇن ئۆتكەن تارىخدانلار.
ئىزدەپ ـ سوراپ يېزىپ چىقتىم كېزىپ ھەريان،
بەس، ئەتەكى ئەۋلادلارغا بولسۇن ئەيان.
قەلەم ئالدىم قەدىمقىلەر ئىزىن بېسىپ،
ياشانغاندا بۇ ئىش ماڭا بولدى نەسىپ.
گاھ قىلۇرمەن كىتابىمنى كىميانە،
گاھ بولۇرمەن مەلامەتكە چوڭ نىشانە.

*   *

بۇ سايرامنىڭ بەكمۇ ئاۋات بازىرى بار،
شەيخ ئەۋلىيائاتا ئاتلىق مازىرى بار.
سايرامدا بار بازار، يېزا، كەنت، ئايماق،
نام چىقارغان ئەل ئىچىدە قېتىق، قايماق.
بۇ سايرامنىڭ ئايماقىدۇر لاپا ـ بوغان[24]،
ئادەملىرى زەبەردەس ھەم يوغان ـ يوغان.
كانچىتام[25]، تۇر[26]، ئارامە(ھە)للە[27]، يەزەكقايغۇ[28]،
تاغ باغرىدا ساپ ھاۋالىق ياخشى جاي ئۇ.
كۆتەمە ھەم سايزەرەتۇ قاش مە(ھە)للىسى،
قاراياغاچ، ئۈچ يەنە توقاچ مە(ھە)للىسى.
يېڭىباغ ھەم شاھ مە(ھە)للىسى ئوتتۇرىسىدا،
مىڭجىگدە دەپ بىر كەنتى بار يۇقىرىسىدا.
قارادۆۋە دەپ جايى بار، قەدىم قورغان،
قىلدى ۋەيران دەۋر ـ دەۋران جۇت شىۋىرغان.

توقسۇن، ياتۇر، جىرغىلانلار مە(ھە)للە ئىسمى،
ئۇشبۇ جايلار بۇ سايرامنىڭ ھەم بىر قىسمى.
ئاناقىز ھەم بالاقىز دەپ ئايمىقى بار،
ئايماقلارنىڭ خېلى يىراق ئارىلىقى بار.
بىر جايى بار، نامى ئۇنىڭ مارجانتېرەك،
ئادەملىرى بەكمۇ باتۇر ھەمدە زېرەك.
تار جىلغىدا بار يەنە غول[29]، قاسساپتورغاي[30]،
يايلىقىدا كۆل ۋە ئايتاش قاتارلىق جاي.
تۆگەبوينى[31]، شىتاچى[32] ھەم يېڭى لەنگەر[33]،
كۆھىباغ[34] ھەم جىغانباغ[35] دەپ ئاتالغان يەر.
ئېدىرلىقتا يالغۇزتال[36] ھەم قالماققوتان[37]،
يەنە تېخى پوپائېقىن[38]، قوزغونداۋان[39].
لەڭگەربۇلاق[40]، ئەشمەقىيا[41]، چوڭقۇر ئېقىن،
سېرىقكۆتەل[42]، يىقىلغانتاغ[43]، يوللار قىيىن.
شەيتان شەھىرى، مەمەيا ھەم قاراقاڭشار،
ئاياغكېچىك، شوربۇلاق دەپ جايلىرى بار.
جەنۇبىدا چۆلتاغ بىلەن خامپاساي بار،
تاغۇ دەريا ئارىسىدا چوڭ توقاي بار.
شەرقىدە بار ئۆيچاكاندا يەنە تۇرتام،
يېزىۋەرسەم گەپ بەك تولا، بولماس تامام.
مۆچىبا[46] ھەم روشەنبۇلاق[47]، ئاقتامازار[48]،
كوناشەھەر دېگەن جاينىڭ بەك داڭقى بار.
ئاقداۋان[49] ھەم كوناشەھەر، چاغانتوقاي[50]،
يوللىرىمۇ يار لېۋىدە ئەگرى ـ دوناي.
قىرغىز مە(ھە)للە، سۆگەتبۇلاق، مازارغوجام،
بۇ مازارنىڭ نامى مەشھۇر قىلىچ ئاتام.
قىرمىشئاتا، قىلىچئاتا بىر تۇغقاندۇر،
شاھادەتنىڭ شارابىغا يولۇققاندۇر.
پىرى مۇرشىد ئىبراھىم شەيخ تونۇلغان جاي،
ئۇنىڭ پۇشتى قۇل خاجە ئەھمەد تۇغۇلغان جاي.
مازىرىمۇ ھەم كۆپ بۇ جايلاردا شەيخ ئەۋلادى،
دىللىرىدا ئەجدادىنىڭ ئىشقى ـ يادى.
جىگدەلىكۇ بەشتوغراق ھەم بەگچە مە(ھە)للە،
مىس-مە(ھە)للىسى، تېتىر، تۇرتام پەللە ـ پەللە.
سۇلتانئاتا بەشتوغراقنىڭ مازىرىدۇر،
سۇلتان سوتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادىدۇر.
مازار غوجام، توغراق، تېتىر قاتار ـ قاتار،

سەئىدئاتا تېتىر دېگەن جايدا ياتار.
سەئىدئاتا شېھىت ئەمەس غازى بولغان،
ئەينى چاغدا ئەردەبىلگە[51] قازى بولغان.
قارىغاي مە(ھە)للە، چوناق مە(ھە)للە، جەرەنبۇلاق[52]،
بۇ جايلاردا ئۇخشار گۇرۇچ، بۇغداي، قوناق.
دۆڭشو بىلەن ھاپباز مە(ھە)للە ئوتتۇرىسىدا،
توقاي دېگەن بىر مە(ھە)للە بار يۇقىرىسىدا.
يول ئۈستىدە بازىرى بار نامى ئۆتەڭ،
يىگىتلىرى بەكمۇ باتۇر، قىزلار سەتەڭ.
يەنە تېخى زىرقوتان[53]، مارجانبۇلاق[54]،
بۇلاق بويلاپ يايلىشىدۇ كۆپ ئات - ئۇلاق.
قىزىل دېسە، مىڭئۆي دېمەي ئۆتمەك تەستۇر،
ئېدىر ئارىلاپ كەتكەن يوللار ئېگىز - پەستۇر.
شېرىن كەلگەن قىزىلغىمۇ ساياھەتكە،
كۆرۈپ غارنى ئىشقى تولغان ساداقەتكە.
غار ئىچىدە پەرھادنىمۇ كۆرگەن ئىدى،
ئاتەش قەلبى چىن دىلىدىن سۆيگەن ئىدى.
پەرھادمۇ ھەم ئۇشبۇ جايدا تاغلار كەسكەن،
مۇزئارت سۈيى شەھرىيارغا ئاتلاپ ئۆتكەن.
قىيالارغا ئۇ شاھانە ئۆيلەر قازغان،
مۇئەللىپلەر چەندان - چەندان ئەسەر يازغان.

*　*

بۇ ھەقتە كۆپ گەپ ئۇزارتماي چۇشەي يولغا،
قېيىر تامان قامچا ئۇراي مەن دۇلدۇلغا.
سايراملىقنى دەيدۇ ئادەمنىڭ يامانى،
ئەمدى كەتتىم يول ئېلىپ قېيىر تامانى.
بايان ئەيلەي سەھىپەمدە قېيىر بابىن،
تالاي يىللار قىلىپ كەلگەچ ئىمزىترابىن[55].
تاغ ئىچىدە بىر مە(ھە)للە بار «قېيىر» دەيدۇ،
بارغان كىشى يوللىرىنى قىيىن دەيدۇ.
قېيىر ئۆزى تاغ ئىچىدە مە(ھە)للە ئۆزۈك،
ئادەملىرى بەك ئويۇنچى، كۆڭلى تۈزۈك.
قېيىر دېگەن چوڭ بىر يېزا پارچە ئايماق،
سىراب[56] ئۇندا گۆش ۋە قىمىز، قېتىق، قايماق.
قازانچى[57] ھەم ئاراگەمە[58]، يۇلغۇنياقا[59]،
يىراق ئەمەس يوللىرىغا كەتمەس تاقا.

گەر بارسىڭىز قاراغول[60] ھەم مىسبۇلاققا[61]،
يوللار ئۇزۇن بوغۇز ئېلىڭ ئات - ئۇلاققا.
ئات - ئېشەكنىڭ تۇيىقىغا تاقا قېقىڭ،
قورسىقىنى ئاچ قويماستىن ئوبدان بېقىڭ.
ئالتۇنقوش[62] ھەم بوزكىرىكى[63] تاغ ئىچىدە،
گەر بارسىڭىز يالغۇز يۈرمەڭ تۈن - كېچىدە.
بۇ تاغلاردا ئېيىق، يىلپىز، تۈلكە، بۆرە،
يالغۇز ئەمەس توپ - توپ يۈرەر گۇرە - گۇرە.
چىمران[64] بىلەن ئۇكەدۆۋە[65]، بوستانتېرەك[66]،
ئادەملىرى پالۋان سۈپەت، قورقماس يۈرەك.
ئالتۇنقوشنىڭ تاغلىرىدۇر تامام ئالتۇن،
دەريالىرى ئۆركەشلىسە، چىقار شاۋقۇن.
تاغلىرىدا بۇغا - مارال، كېيىك، ئارقار،
قىيالاردا قانات قاقار بۈركۈت، شۇڭقار.
قاپتاللاردا ئۇلار، كەكلىك، چىل، بۆدۈنە،
ئوتلاقلاردا كۆدە كۆكى ھەم پىدىنە[67].
چۇغلۇقچېچەك[68] سىزگە باقار ئوچۇق چىراي،
تىك قارىغاي، تېۋىلغا ھەم شىلۋا، ئىرغاي.
ھەر كىشىنى قىلار شۇنچە كۆپ مەھلىيا،
تاغ لەيلىسى، چىمچىمكۆز ھەم ئادەمگىياھ.
بۇ جايدىكى ئوت - چۆپلەرمۇ دورا بولۇر،
ۋاقتى كەلسە ئۆلۈمگىمۇ چارە بولۇر.
قايتىپ يەنە راۋان بولاي سايرام تامان،
قېيىر، قىزىل، توقسۇنلارمۇ قالدى ئامان.
سايرام ئورۇن ئالغان جايدۇر مۇزئارت قېشى،
بۇلاقلارى ئاققان يېرى تۈگمەن بېشى.
بۇلاقتىكى زەمزەملىرى بەكمۇ سۈزۈك،
ئادەملىرى بەكمۇ سېخىي، كۆڭلى تۈزۈك.
تاڭ سەھەردە بۇلبۇللىرى سايراپ تۇرار،
خۇش سادالار يۈرت ئىچىگە تاراپ تۇرار.
سايرامنىڭمۇ كونا - يېڭى بازىرى بار،
كونىسىنىڭ ئاياغىدا مازىرى بار.
بازىرىدا قېتىق - قايماق، چامغۇر - زەردەك،
خوتۇنلىرى سودا قىلار ئەينى ئەردەك.
ئويۇنچى ھەم چاقچاقچىدۇر سايرام خەلقى،
دوست، ئىناقلىق مۇھەببەتنىڭ كانى بەلكى.
بار ھۈنەرۋەن، مالچى، دېھقان، ئەشرەپلىرى،

بەكمۇ قىزىق بۇ سايرامنىڭ مەشرەپلىرى.
سايراملىقنىڭ «هارامزادە» قالپىقى بار،
بايقىمىسالىڭ مەشرەپلەردە پايپىقى بار.
«سايرام» دېگەن بۇ ئىسمىنىڭ ئۆتمۈشى بار،
تارىخلاردا دەلىل - ئىسپات پۈتمىشى بار.
سايرام ھەققە ئەل ئىچىدە بار رىۋايەت،
بولغان ئىكەن مۇقەددەمدە بىر ۋىلايەت.
بۇ ۋىلايەت تارىخلاردىن ئورۇن ئالغان،
ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا مىراس قالغان.
بايان ئەيلەي بولۇپ ئۆتكەن ھېكايەتنى،
ئۇسال قىلغان ئەينى چاغدا بەدۆلەتنى.
هازىرمۇ بار بۇ گەپ ئەلنىڭ ئېغىزىدا،
يازدىم شۇڭا رەتلەپ تارىخ مېغىزىدا.

ۋىلايەت

بۇ سايرامدا نۇرغۇن ئەۋلاد ئۆتكەنىكەن،
تارىخچىلار سەھىپىگە پۈتكەنىكەن.
ئەل ئاغزىدا بايان بولغان مۇنداق سۆز بار،
بىلىپ قېلىڭ، بۇنى سىزگە ئەيلەي ئىزهار.
دانىشمەنلەر دىيارنى گۆھەر دەيدۇ،
سايراملىقلار بازىرىنى شەھەر دەيدۇ.
ۋىلايەتنىڭ تارىخلاردا ئىزى ھەم بار،
ئەجدادلارنىڭ ئىنئام قىلغان سۆزى ھەم بار.
مۇقەددەمدە ئاتالغانىكەن سايرام ۋە باي،
مۆھۆر باسقان خەت - چەكلەردە «شايا توقاي».
تارىخلاردا خانلىقلارمۇ كۆپ بولۇشقان،
ئۆز ئالدىغا يۇرت سورىشىپ، نەپ ئېلىشقان.
مىلادىيەنىڭ كۆپ مۇقەددەم ئەسىرىدە،
سايرام ئىكەن شۇل كوچارنىڭ تەسىرىدە.
باي ۋە سايرام، توقسۇ، شايا ھەمدە كوچار
ئاتالغانىكەن ئەل ئاغزىدا «چوڭ شەھرىيار».
سايرام شۇ چاغ كوچار خانىغا قارايدىكەن،
خان ھۆكۈمى بۇ يەرلەرگە تارايدىكەن.
تۇرغانىكەن شۇ خانلىقنىڭ ئەمەلدارى،
تۈگىمەسكەن ئەلنىڭ ئەلەم، قايغۇ - زارى.
ئاتايدىكەن كوچارنى «كۆسەن» دىيارى،
سايرام ئىكەن شۇ دىيارنىڭ ۋىلايىتى.

سايرام

تۇرار ئىكەن تالاي زالىم ھۆكۈمرانلار،
قاغان، تېكىن، بارلاس، چۇراس ئالامانلار.
ئالمائاتا، يەتتەسۇ ھەم چارىن، چېلەك،
ئۇش، قاراقول ھەم ئىسسىقكۆل، نارىن، بېشكەك.
ياركەنت، يەسسى، ئۇترار، تالاس ھەمدە سۇياپ،
چىمكەنت، پىسكەنت، تاشكەنت، سايرام ھەم ئىسفەجاپ.
ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، قومۇل بىلەن تۇرپان،
ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، بۈگۈر، تەكلى ماكان.
ئاتۇش، قەشقەر، ياركەنت بىلەن قارغىلىق ھەم،
گۇما، خوتەن، لۇپ ۋە چەرچەن، چاقىلىق ھەم.
سەركۇھ بىلەن خۇنجىراپ ھەم قاراڭغۇ تاغ،
كۇئېنلۇن ھەم قاراقۇرۇم قالماي ئۇ چاغ.
پەيزىئاۋات ھەم مەكىت، پوسكام، مارالباشى،
شەھرى كېتىك ھەم تارىمنىڭ ئىككى قاشى.
پايانسىز جاي قۇنتەيجىگە قارايدىكەن،
پەرمانلىرى ئۇ يەرلەرگە تارايدىكەن.
قالماقلاردىن نويانلارنى تۇرغۇزۇپتۇ،
ھوقۇقىنى ئۇ يەرلەرگە يۇرگۈزۈپتۇ.
كەڭ ئاۋامنىڭ كۆرگەن كۈنى كۈلپەت ئىكەن،
ئۇزۇقلۇقى زەھەر - زۇقۇم، زۇلمەت ئىكەن.
قايسى ئۆينىڭ مورىسىدىن چىقسا تۈتۈن،
تۈتۈن پۇلى دەپلا سېلىق ئالار شۇ كۈن.
نۆكەرلىرى بەش - ئالتىسى كېلىپ ئۆيگە،
يەپ - ئىچەركەن تۆرە بولۇپ چىقىپ تۆرگە.
ئاش - تائامنى تۈگىتەركەن يەپ ھەم يالاپ،
مال - مۈلكىنى ئېپكېتەركەن بۇلاپ - تالاپ.
ئەركىنگىنە ئۆيگە قازان ئاسالماسكەن،
ئەل ئازادە ئەل قاتارى ياشالماسكەن.
گەر بىراۋنىڭ خوتۇنلىرى تۇغسا ئوغۇل،
جان پۇلى دەپ ئالار ئىكەن ئون تەڭگە پۇل.
قىز تۇغۇلسا بەش تەڭگە نەق ساناپ ئالار،
ئۆيدىكىلەر دەرد - ئەلەمدە قاقشاپ قالار.
ئاياغ كەيسە، ئايدا ئالار ئالتە يارماق،
كەيمىگەنلەر يانتاق چاپار ياڭئاياغ.
جازا بېرەر قىڭراقتا چۆپ تاراشلىسا،

قامچا ئۇرار قولدا ئۇزۇپ چۆپ تاشلىسا.
ئەر بېشىدا تەمرەتكىسى بولسا تەمتەم،
تۆت تەڭگە پۇل ئالار ئىكەن تۇرۇپ مەھكەم.
ھەر كىشىنىڭ ئويما تېزى بولسا ئەگەر،
كۆرگەن ھامان ئون تەڭگىنى ئېلىپ كېتەر.
گەر بېشىدا قىرما تېزى بولغان ئەردىن،
قاتتىق تۇرۇپ ئالار قىرىق تەڭگىدىن.
بولسا مىسباش مەيلى كىمكى ئەگەرچەندە،
«مىڭ تەڭگە باج بەر» دەپ قىلۇر پاراكەندە.
بولسا بىراۋ ئەگەر ئېگىز لەڭمەن پاچاق،
«سېپىلگە چىق» دەر، چىقمىسا ئىشى چاتاق.
قايسى بىركىم بولسا بىرئاز بويى پاكار،
ئارتار ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئېغىر تاغار.
قاي بىراۋنىڭ تېنى بولسا سېمىز ـ يوغان،
«باي مۇشۇ» دەپ قويار ئاڭا ئېغىر ئالۋان.
ئەگەر تېنى بولسا ۋىجىك، ئورۇق ـ ئاۋاق،
«كارغا كەلمەس رودۇپاي» دەپ ئۇرار تاياق.
تۈن ــ كېچىدە بىرەر ئۆيدە ياقسا چىراغ،
نەچچە سالدات كېلەر قولدا قورال ـ ياراغ.
«نېمە ئۈچۈن تۈن ـ كېچىدە ياتمىدىڭ» دەپ،
«ئوردىمىزغا ئوت قويۇشقا قەستلىدىڭ» دەپ؛
تۆپتۈز قىلار ئۆينى راسا يېقىپ گۈلخان،
ئۆي ئىگىسى بولۇپ كېتەر خانىۋەيران.
ئىككى يارماق بىر ئاخشاملىق جىنچىراغقا،
«بېرىسەن» دەپ بۇيرۇق سوقار ھەممە ياققا.
توخۇ، ئۆردەك باققانلاردىن تۇخۇم پۇلى،
ھويلىسىدا باراڭ بولسا ئۈزۈم پۇلى.
لەشكىرىگە چىل، بۆدۈنە ئوۋلاتقۇزۇپ،
ئىتلىرىغا تۈلكە، توشقان قوغلاتقۇزۇپ.
ھەممە يەردە زىرائەتنى قىلىپ پايمال،
خامانلاردىن چىقار ئىكەن دانسىز پاخال.
باغلىرىدا بولسا ئەگەر يېمىش ـ مېۋە،
شاخلىرىنى يېرىپ ئالار مىسلى دىۋە.
ئەل ـ ئاۋامغا ئاراملىق يوق بىرەر سائەت،
بۇ زۇلۇمغا ئەھلى سايرام قىلماي تاقەت.
مەسلىھەتتە بىرلىشىپ ئەل راسلىنىپتۇ،
قۇنتەيجىگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ.
ئەر ـ خوتۇنۇ چوڭ ـ كىچىكۇ قېرى ھەم ياش،
قوللىرىدا تاياق ـ توقماق، تىغ بىلەن تاش.
بىر كېچىدە قوزغىلىپتۇ بولۇپ ۋۇلقان،
«زالىملار تېز يوقالسۇن» دەپ سېلىپ چۇقان.
بۇ يەردىكى نويانلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ،
ئوردىسىنى ئۆلۈكلەرگە تولدۇرۇپتۇ.
قاچقىنىنى قوغلاپ تۇتۇپ تاغ ـ دالادىن،
چاناپ ـ چەيلەپ چىقىشىپتۇ راست پۇخادىن.
قۇنتەيجىگە خەۋەر قىپتۇ بىرسى قېچىپ،
تەيجى يەنە ئۆز رەسمىچە ئەنت ئىچىپ.
ئاتلىنىپتۇ قايتا يەنە سايرام تامان،
ئۆزى زالىم، كۆزى قانلىق پەيلى يامان.
سەپ ـ سەپ بولۇپ سان ـ ساناقسىز سالداتلىرى،
كېلىپتۇ كۆپ كاللا كېسەر جاللاتلىرى.
سايرامدىكى ئادەملەرنى قىلىپ قىرغىن،
ئەسىرلەرنى زەنجىر بىلەن باغلاپ بىردىن.
قۇنتەيجىنىڭ بارگاھىغا كەلتۈرۈپتۇ،
ھەم ئۇلارنىڭ نەسەبىنى تەكشۈرۈپتۇ.
ئۇلۇغلارنى شۇ مەيداندا قىلىپ قەتلى،
ھەم ئۇلارغا قىلچە رەھىم قىلماي قەتئىي.
ئېسىلزادە ئۇرۇقلارنى تونۇپ تاللاپ،
قوۋۇق، كىشەن، زەنجىر بىلەن مەھكەم باغلاپ؛
ئەل ـ ئاۋامنى ئۇلۇغلاردىن ئايرىش ئۈچۈن،
دەرد ـ ئەلەمنى ئېغىر قىلىپ ئارتىش ئۈچۈن؛
كۆچۈرۈپتۇ ئۈچ ئۇرۇقتىن يىگىرمىدىن،
شاھۇ ئەمىر، غوجىلارنىڭ ھەر بىرىدىن.
ئاتمىش ئۆيلۈك سايراملىقنى كۆچۈرۈپتۇ،
ئەسلىي يۇرتىنىڭ چىراغىنى ئۆچۈرۈپتۇ.
بۇ كۆچكەنلەر «ئاق ئۆيلۈك» دەپ ئاتىلىپتۇ،
يۈك ـ تاقلىرى يەلكىسىگە ئارتىلىپتۇ.
دەسلىپىدە كەلتۈرۈپتۇ ئالمالىققا،
يىگىرمە كۈن يول يۈرۈپتۇ ئارىلىقتا.
بىر يىلغىچە ئالمالىقتا تۇرغۇزۇپتۇ،
ئوردا ـساراي، قەلئە ـ سېپىل قۇرغۇزۇپتۇ.
بۇندا ئۇزاق تۇرغۇزۇشتىن ئەنسىرىشىپ،
غەلۋە ـ غەلىيان چىقىرىشتىن غەم قىلىشىپ.
بىر يىلدىن سوڭ بۇ يەردىنمۇ كەتكۈزۈپتۇ،

قوغلاپ ـ سۈرۈپ تورپانغىچە يەتكۈزۈپتۇ.
مىڭ تەسلىكتە يېتىپ كەپتۇ ئىككى ئايدا،
ئۇسساپ، چارچاپ چۆل ـ جەزىرە قۇملۇق سايدا.
ھەم خاندۇڭشاھ[①] دېگەن جايدا ئولتۇرۇپتۇ،
ھاردۇق ئېلىپ بىرئاز كۆڭۈل تىندۇرۇپتۇ.
كۆك ئېلىپتۇ بۇ يەردىمۇ بوز يەر ئېچىپ،
كارىز سۈيى تاپالمىسا يامغۇر ئىچىپ.
جان بېقىپتۇ مىڭ تەسلىكتە ئىككى يىلچە،
سۈسىزلىقتىن كۆنەلمەپتۇ ئۇلار قىلچە.
ئەنە شۇنداق جاپا چېكىپ يۈرگىنىدە،
بۇ جاھاندا جەبىرنى جىق كۆرگىنىدە؛
بۇ يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ چىڭ خاندانى،
گومران بوپتۇ قۇنتەيجىنىڭ خانۇمانى.
قۇنتەيجىنىڭ ئۆلگەنلىكى ئاڭلىنىپتۇ،
كۆچمەنلەرمۇ كەتمەك ئۈچۈن راسلىنىپتۇ.
«ھەدىس» سۆزى «ۋەتەن سۆيمەك ئىماندىن» دەپ،
«ئىمان بىلەن كېتەيلى بۇ جاھاندىن» دەپ؛
يۇرتقا قاراپ يول يۈرۈپتۇ ئۇزاق ـ ئۇزاق،
مۇزداۋاندىن ئۆتەلمەپتۇ يوللار توساق.
مۇزداۋاندا چىڭ لەشكىرى قوماندانى
كۆچمەنلەردىن ئاڭلاپ ئېنىق مۇددىئانى.
دەپتۇ: يولدا ئەسكەر تولا، قالايمىقان
يول يۈرمەڭلار ئۇڭشالغۇچە بۇ يەر ـ جاھان.
بۇ سۆز بىلەن يۇرتلىرىغا كېتەلمەپتۇ،
كىندىك كەسكەن ماكانىغا يېتەلمەپتۇ.
قايتىپ كېلىپ ياقېرىقتا ئولتۇرۇپتۇ،
بەك قىيىندا بىر يىلنىمۇ تولدۇرۇپتۇ.
قىش ئۆتۈپتۇ شاھتۇر دېگەن مەھەللىدە،
جان بېقىپتۇ جەندە، جۇلدۇر كېپەنلىدە.
قايتىپ كەپتۇ ياتۇر بىلەن شىتاچىغا،
كۆھىباغ ھەم قازغان بىلەن پەشتاچىغا.
يەنە ئىزدەپ سۇ ـ تۇپرىقى ياخشى جاينى،
يايلاتساق دەپ تاغلىرىدا چارۋا مالنى.
چارلاپ يۈرۈپ سۈيى بىلەن تۇپرىقىنى،
بايقاپ كۆرۈپ بەرىكەت بار ـ يوقلۇقىنى.
يەرلىرىنى ئورا قىلىپ كولاپ راسا،
تۇپرىقىنى ئورىسىغا سولاپ راسا.

تۇپرىقى ئۆز ئورىسىغا پاتمىغاندا،
توقماق بىلەن چىڭدىسىمۇ قاتمىغاندا؛
سۆلىرىنى تارازىدا ئۆلچەپ تولۇق،
ئېغىر ـ يېنىك ئەھۋالىنى دەڭسەپ تولۇق.
تەلەپ قىلغان ئۆلچەمگە يەتكىنىدە،
قايناتقاندا ئۆرلەپ تېشىپ كەتكىنىدە؛
تەپتىش قىلىپ تاغلىرىنىڭ يايلىقىنى،
ئالتۇن ـ كۈمۈش، مىس ۋە كۆمۈر بايلىقىنى؛
كۆرۈپ يەنە كېيىك، ئارقار، بۇغا ـ مارال،
يەتكۈزۈشۈپ بىر ـ بىرىگە خەۋەر دەرھال.
ھەممىسىنىڭ تاللىشىدىن ئۆتكەن چاغدا،
ئارزۇ قىلغان نىشانغا يەتكەن چاغدا؛
ھەممىسى تەڭ تەستىق سېلىپ بىرلىك بىلەن،
مەسلىھەتنى مەھكەم قىلىپ يەرلىك بىلەن.
نىشانىمىز دەپ بېكىتىپ ئىتتىپاقنى،
قېرىنداشلىق مەقامىدا ياشىماقنى.
يۇرت چوڭلىرى، ئاقساقاللار راست گەپلىشىپ،
ئەزا قويۇپ، مۆھۈر بېسىپ، ھۆججەتلىشىپ.
غوجا نەسلى ئاناقىزدا يەرلىشىپتۇ،
شۇ جايدىكى ئاۋام بىلەن بىرلىشىپتۇ.
يەرلىكلەرمۇ قايىل بولۇپ ھەممىسىگە،
تەكلىپ قىپتۇ بوك ـ باراقسان مە(ھە)للىسىگە.
شاھ ئۇرۇقى شاھ مە(ھە)للىسى دېگەن جايدا،
تۆگىسىنى يايلىتىپتۇ تۈزلۈق سايدا.
بەگ ئۇرۇقى قىزىل تامان يول يۈرۈپتۇ،
بەگچە مە(ھە)للە دېگەن جايدا ئولتۇرۇپتۇ.
ھازىرمۇ بار بۇ يەرلەردە بەگ ئۇرۇقى،
ئېتىز ـ ئېرىق، باغۇ باراڭ، تام ـ قورۇقى.
ئۇشبۇ جايلار بۇ نام بىلەن ئاتىلىپتۇ،
نەسەبىنىڭ نامى يەنە يادلىنىپتۇ.
جەم بولۇشۇپ بۇ جايلاردا ئولتۇرۇپتۇ،
يەرلىك بولۇپ بۇندا كۆڭۈل تىندۇرۇپتۇ.
سايراملىقلار بۇ ماكاندىن ئورۇن ئاپتۇ،
سايرام دېگەن نام شۇنىڭدىن قاپتۇ.
ساقىي، سۇنغىل سايراملىقتا سۆزۈك مەيدىن،
باقىي بولسۇن بۇ ماكانىم ھەممە جايدىن.

سايرامنىڭ قېتىقى

سايراملىقنىڭ «يامان» دېگەن ئاتىقى بار،
ئەل ئىچىدە نام چىقارغان قېتىقى بار.
بۇ ئاتاقنىڭ يېتىپ كەلگەن يىلتىزى بار،
تارىخلارغا تىزىپ يازغان خەت ئىزى بار.
بەدۆلەتنىڭ هۆكۈم سۈرگەن زامانىدا،
ئەسكەرلىرى تۇرغان سايرام تامانىدا.
ئىغىر ئىدى ئەل ئىچىدە جەبىر ـ زۇلۇم،
مىڭ تەسلىكتە كۈن كەچۈرگەن ئاجىز مەزلۇم.
بۇ سايرامنىڭ بازىرىدا بىر تۇل خوتۇن،
يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك هەم يوق ئۇتۇن.
بۇ مومايغا مىراس ئىدى چاڭچى[21] لەقەم،
هاشىرخان دەپ ئاتىشاتتى بارچە ئادەم.
بار ئىدى ـ يۇ، ئۇنىڭ ئوماق تۆت بالىسى،
مال ـ مۈلكىدىن دۇنيالىقتا بىر كالىسى.
كالىسىنى سېغىپ قېتىق ئېتەر ئىدى،
بۇنى سېتىپ كۈنى ئاران ئۆتەر ئىدى.
مىڭ تەسلىكتە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزەتتى،
ئەزرائىلنى سەل نېرىراق كەتكۈزەتتى.
بەدۆلەتنىڭ ئادەملىرى كۈندە كېلىپ
ئىچەر ئىدى بۇ مومايدىن قېتىق ئېلىپ.
كەلسە ئىچمەي كەتمەس ئىدى زورلۇق قىلىپ،
پۇلىسىنى گاهى بەرمەي، گاهى بېرىپ.
دورغىلىرى قويار ئىدى سۈت ئالغىنى،
بىر تەشتەككە توشماس ئىدى قېپقالغىنى.
بۇ مومايمۇ هەسرەت بىلەن قالار ئىدى،
بەرگەن پۇلغا جۇپ زاغرا نان ئالار ئىدى.
بەش ئادەمنىڭ جان بېقىشى بولدى قىيىن،
بۇ مومايمۇ چارە ئويلاپ تاپتى كېيىن.
موماي بىر كۈن بالىسىغا گەپ ئۆگەتتى،
ئاڭا مۇنداق قىلىش ئۈچۈن يول كۆرسەتتى.
دېدى موماي: قۇلاق سېلىپ ئاڭلا، بالام،
ئۆيگە كەلگەن ئادەملەرگە قاراڭ، بالام.
قېتىق ئىچەر ئەمەلدارلار ئۆيگە كىرسۇن،
مەن قېتىقنى ئېلىپ كېلەي، كۆڭلى تىنسۇن.
«ۋاي ئانا» دەپ سەن تالادىن يۈگۈرۈپ كىرگىن،
«ئېمىپ كەتتى ئانىسىنى تەخەي» دېگىن.
«تەخەي ئېمىپ سۈتنى ئازلا قويدى» دېگىن،
«ئەتە قېتىق بولمايدىغان بولدى» دېگىن.
«ماقۇل» دېدى بالا ئىشىكتە ئويناپ تۇردى،
لەشكەرلەرنىڭ كېلىشىنى پايلاپ تۇردى.
كەلدى لەشكەر قېتىق ئىچمەك بولۇپ يەنە،
ئولتۇرۇشتى بۇرۇنقىدەك تۆردە يەنە.
موماي ئېلىپ كەلدى يەنە قېتىقلارنى،
قىلالمىدى ئەركىن سودا ـ سېتىقلارنى.
تەشتەكلەرنى قوللىرىغا ئېلىشقاندا،
ئالدىرىشىپ قېتىقلارغا يېپىشقاندا؛
«ۋاي ئانا» دەپ بالا توۋلاپ كىردى دەرهال،
«ۋاي نېمە؟» دەپ ئانىسىمۇ قويدى سوئال.
«ئەتە قېتىق بولمايدىكەن» دېدى بالا،
ئۆز كۆڭلىدە خۇشاللىقتا چۆمدى ئانا.
«نېمە ۋەقە؟» دېدى ئانا بالىسىغا،
چاندۇرماستىن دېدى بالا ئانىسىغا؛
«ئېمىۋالدى ئانىسىنى چىقىپ تەخەي،
سۈت بولمىسا ئەتە قېتىق نەدىن كەلگەي».
لەشكەرلەرمۇ بىر ـ بىرىگە قاراپ قالدى،
«قانداق گەپ؟» دەپ بىرى شۇئان سوراپ قالدى.
دېدى موماي: بولماس ئەمدى راست ئېيتمىسام،
«تەخەي ئەمدى ئانىسىنى» دېدى بالام.
بىزدە بارى دۇنيالىقتا بىرلا ئېشەك،
كېلەر شۇندىن يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك.
بۇنى سېغىپ قېتىق ئېتىپ ساتقان ئىدۇق،
شۇنداق قىلىپ جاننى بېقىپ ياتقان ئىدۇق.
مە(هە)لليمىزدە هېچبىر كىشى بىلگەن ئەمەس،
هەم كۆڭلىدە قىلچە گۇمان قىلغان ئەمەس.
كىچىك بالا سىر ساقلاشنى بىلمەيدىكەن،
كەسكىن چاغدا گەپنى ئوڭلاپ قىلمايدىكەن.
لەشكەرلەردە غەزەپ ئۆرلەپ تاشتى شۇ دەم،
تەشتەكلەرنى تاپسىلارغا ئاتتى شۇ دەم.
«ئەمدى يوقتۇر» دېدى موماي «مەندە ئامال،
گۇناهىمنى بەدۆلەتكە ئېيتاي دەرهال.
گەر خالىسا مېنى ئېتىپ جازالىسۇن،
ياكى ئېگىز دارغا ئېسىپ دۇمبالىسۇن.

بۇ مومايدىن گەپنى ئۇلار دەل ئاڭلىدى،
قورققىنىدىن پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى.
دېدى لەشكەر: ئېشەك سېغىپ قېتىق ئېتىپ،
ئەقلىمىزنى بۇلغاپسەن ـ دە، بىزگە سېتىپ.
سايرامدا بەك ئوسال ئىكەن سودا ـ سېتىق،
ئادەملىرى ساتار ئىكەن ئېشەك قېتىق.
بۇ ۋەقەنى غوجىمىزغا دېمىگەيسەن،
قېتىقىڭنى ئەمدى بىزگە بەرمىگەيسەن.
كەتتى لەشكەر ئۆز يولىغا غەزەپلىنىپ،
قالدى موماي بۇ چارىدىن لەززەتلىنىپ.
ئەنجانلىقلار ئىچمەس بولدى قېتىقىنى،
قىلدى موماي ئەركىن سودا ـ سېتىقىنى.
قىلسا بوزەك خەلقىمىزنى ئەنجانلىقلار،
چارە تاپتى بۇ ئىشقىمۇ سايراملىقلار.
شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ مومايمۇ ئارام ئالدى،
بۇ لەقەممۇ سايراملىققا شۇنىڭدىن قالدى.
زالىملاردىن ئەلمۇ ئارام تاپمىغانتى،
شۇڭا يەنە بەدۆلەتنى باپلىغانتى.
سايراملىقنى چارىسى بار چاغلىغايسىز،
ئەمدى گەپنى بىر موللامدىن ئاڭلىغايسىز.

بەدۆلەتنى «قارشى ئېلىش»

كەلگەن ئىدى بەدۆلەتمۇ بۇ سايرامغا،
چۇشكەن ئىدى ئەل ئىچىدە بىر قايىنامغا.
زۇلۇم ـ كۈلپەت ئەل ئىچىدە ئېغىر بولغان،
دەرد ـ ئەلەمدىن ئەلنىڭ كۆزى قانغا تولغان.
ئالۋان ـ ياساق ئالغان ئىدى قاتتىق قويۇپ،
تۇرغان ئىدى نامرات خەلق جاندىن تويۇپ.
كۇن ئالماقنىڭ تەسلىكىدىن ئەلمۇ نىمجان،
قالغان ئىدى بىر مە(ھە)للىدە بىرلا قازان.
يەرگە ئالۋان قويار ئۇرۇق چېچىلماستا،
باغقا ئالۋان قويار چېچەك ئېچىلماستا.
يەرگە ئالۋان ھېسابلىسا تارتىپ تاناپ،
باغقا ئالۋان ھېسابلىغان شاخنى ساناپ.
ئۆشرە ـ زاكات ئالۋىنىنى قويۇپ ئېغىر،
تاپشۇرمىسا تاياق تېگىپ دۇمبە يېغىر.
قوي ـ ئۆچكىسى بار كىشىدىن ھەم ئالار نەپ،
تۇياق پۇلى، يۇڭ پۇلى ھەم سۈت پۇلى دەپ.
سەككىز يارماق ئالار كەيگەن ئۇزۇن تونغا،
كالتە چاپان كەيسە تېگەر تاياق قوڭغا.
ئايالىلارغا دەررە ئۇرار يۈز ياپمىسا،
ئەرنى ئۇرار باج ـ سېلىققا پۇل تاپمىسا.
چارۋا ساغسا، سۈت دەپ كېلەر دورغىلىرى،
قوللىرىدا يوغان مالتاق ـ سوغىلىرى.
تۈگمەنلەرگە مىڭلاپ كىرە ئاشلىق تۆكەر،
تېز تارتمىسا تۈگمەنچىنىڭ كۈنى بەتتەر.
ئاندىن قالسا جۇۋازچىنىڭ ئىشى چاتاق،
«ياغنى بەر» دەپ كېلەر قولدا يوغان قاپاق.
تۆمۈرچىلەر نېيزە، قىلىچ سوقار ھەقسىز،
«ھەق بەر» دېسە، جېنى ئامان قالماس ھەرگىز.
باپكارلارمۇ توقار ھەر كۈن ماتا ـ كاناپ،
پەرزەنتلىرى جەندە كىيەر ياماق ياماپ.
موزدۇزلارمۇ لەشكەرلەرگە تىكەر ئاياغ،
زىمىستاندا ئۆزى يۈرەر يالاڭئاياغ.
ھەممىسىدىن هارۋىكەشنىڭ ھالى خاراب،
كېچە ـ كۈندۈز تىنماستىن يۈرەر قاتراپ.
ئەل ئۆتمەكتە نارازىلىق غەيۋەت بىلەن،
بەدۆلەتمۇ چىقتى يولغا ھەيۋەت بىلەن.
يولنى باستى بىر قانچە كۈن ئەگرى ـ توقاي،
تىنماي چېلىپ داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ سۇناي.
سايرامغىمۇ چاپارمەنلەر كەلدى قاتراپ،
خەۋەر تاپتى تېزلىك بىلەن جىمى ئەتراپ.
ئەمەلدارلار تەييارلىدى گۆش ۋە قۇيرۇق،
ئەل ئىچىگە قىلدى ئۇلار شۇنداق بۇيرۇق.
قارشى ئېلىش تەييارلىقى چوڭ باشلاندى،
داقا ـ دۇمباق، تۇغ ـ ئەلەملەر ھەم راسلاندى.
بۇ سايرامنىڭ بۇرغىلان دەپ مە(ھە)للىسى بار،
بۇ مە(ھە)للىنىڭ تۇردى ئاتلىق موللىسى بار.
بۇ موللامدا ئادىل نىيەت ئاشقان ئىدى،
بەدۆلەتكە غەزەپ ئۆرلەپ تاشقان ئىدى.
ئاچقان ئىدى تۇردى موللام ئۆيدە مەكتەپ،
تالىپلارغا ئۆگىتەتتى تەرتىپ ـ ئەدەپ.
بەزى تالىپ ئوقۇر ئىدى ئەلىف ۋە لام،
قارشى ئېلىش چارىسىنى تاپتى موللام.

ئۆگىنىپتۇ تالىپلارغا قەتئىي قورقماي،
ئۆگىنىپتۇ تالىپلارمۇ كۆڭۈل چاچماي.
موللام دېدى: بەدۆلىتىم كەلمەكچىكەن،
سايرامنىمۇ سەيلە قىلىپ كۆرمەكچىكەن.
بىز چىقارمىز «قارشى ئېلىپ» بەدۆلەتنى،
ئۆزنى رۇسلاپ، راسا تۈۋلاپ، تۈزەپ رەتنى.
كىم تۈۋلىسا تۈۋلاۋەرسۇن ئۇنى ماختاپ،
ئاقنى قارا، قارىسىنى يېپىپ ئاقلاپ.
بىز تۈۋلايمىز: «بۇغداي تەردۇق يوق باشاق» دەپ،
«زۇلۇم سالدى بەدۆلىتىم كۆن تاشاق»[21] دەپ.
ھە دېگەندە سىلەر قورقماي چىڭ تۈۋلاڭلار،
قالغىنىنى ئۆزۈم ئەپلەي، غەم قىلماڭلار.
«ماقۇل» دېدى شاگىرتلىرى روھقا تولۇپ،
موللام راسا تەييارلاندى خۇشال بولۇپ.
خەۋەر كەلدى «بايدىن يولغا چىقتى» دېگەن،
تەييارلاندى نازۇنېمەت لېگەن ـ لېگەن.
توپلىنىشتى خالايىقمۇ ھەر تەرەپتىن،
بۇ موللامۇ ئورۇن ئالدى ئالدى سەپتىن.
قانچە ساقلاپ بەدۆلەتمۇ كەلدى بۇندا،
شاگىرتلارنى موللام ئىشقا سالدى شۇندا.
«ھىم» دېگەندە شاگىرتلارغا قاراپ قويۇپ،
ۋارقىراشتى شاگىرتلىرى قورقماي تۇرۇپ.
«بۇغداي تەردۇق سامىنى كۆپ يوق باشاق» دەپ،
«زۇلۇم سالدى بەدۆلىتىم كۆن تاشاق» دەپ.
بۇنى ئاڭلاپ بىر ـ بىرىگە ئەل قاراشتى،
بەدۆلەتتە قەھر ـ غەزەپ ئۆرلەپ تاشتى.
زۇلۇم بولسا بولمامدىكەن قارشىلىقمۇ،
ئۇ زۇلۇمنى ئۆزگەرتەلمەس ياخشىلىقمۇ.
بۇ موللامنىڭ ھالى ئەمدى قانداق بولدى،
ئەل ـ ئاۋامنىڭ كۆڭلى شۇ دەم غەمگە تولدى.
بۇ موللامنى ئەل ئاشقى چاغلىغايسىز،
ۋاقىئەنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىغايسىز.

*　　*

بەدۆلەتمۇ چۈشتى ئارام ئالماق ئۈچۈن،
مەززە قىلىپ ئىچمەك قېتىق ـ قايماق ئۈچۈن.
قۇردى چېدىر ـ بارگاھلار ھەيۋەت بىلەن،
پاسىبانلار قوغداپ تۇردى ھۆرمەت بىلەن.
ھايال قىلماي كەلدى لەشكەر ئەل ئىچىگە،
«چاقىرىدۇ» دېدى شۇندا بىر كىشىگە.
«غوجىمىزنى كۆن تاشاق دەپ تىللىغان كىم؟
بارسۇن دەرھال غوجىمىزدىن بولدى ھۆكۈم.»
تۇردى موللام «لەببەي» دېدى، ماڭدى دەرھال،
قەدەم باستى مەغرۇرانە بولماي ھايال.
ئېلىپ باردى ئىككى لەشكەر دەرغەزەپتە،
قالدى خەلق ھەيران بولۇپ غەم ـ ھەسرەتتە.
ئېلىپ كىردى بەدۆلەتنىڭ دەرگاھىغا،
باقتى موللام پادىشاھنىڭ دىدارىغا.
بويلىرىدا زەر شاھانە بەنارىس تون،
ياقىلىرى يالتىراقلىق تامام ئالتۇن.
باشتا پەرەڭ شايىسىدىن سەللىسى بار،
دارامەتتە ئىسكەندەرچە ھەيۋىسى بار.
ئوڭ قولىغا ئالغان ئۆزۈن شەمشىرى رۇم،
ئەلپازىدىن بۇ موللامنى چاپار چوقۇم.
سول قولىدا مىلتىقى بار ئۇنىبىر ئاتار،
دەل سېلىنغان ئوقلىرىمۇ قاتار ـ قاتار.
ئەل تۇراتتى غەم ـ ئەندىشە ھەس ـ ھەس بىلەن،
جاللاتلىرى قىلىچ بىلەپ بەس ـ بەس بىلەن.
«ئەسسالام» دەپ تەزىم قىلىپ قول قوۋۇشتۇرۇپ،
كىردى موللام ھەرىكىتىنى قاملاشتۇرۇپ.
بەدۆلەتمۇ دەرغەزەپتە سورىدى سوئال،
ئىككى كۆزى قانغا تولغان گېپى قوپال.
«سەت گەپ قىلىپ تۈۋلىغان كىم؟ سەنمۇ؟» دېدى،
«مۇنداق سۆزگە لايىق ئەمەس مەنمۇ؟» دېدى.
«نېمە ئۈچۈن مۇنداق سۆزنى تۈۋلىدىڭ سەن؟
نېمە ئۈچۈن ئەپسانە سۆز ئويلىدىڭ سەن؟»
جاۋاب بەردى تۇردى موللام قورقماي تۇرۇپ،
ئولتۇراتتى بەدۆلەتمۇ بەداشقان قۇرۇپ.
دېدى موللام: ئىسمىم تۇردى، ئۆزۈم موللا،
يامان نىيەت يوقتۇر مەندە ئەلھەمدۇلىللا.
سەت گەپ بىلەن تىللىغانىنىڭ موللىسى مەن،
سەۋەبىنى ئۆزلىرىگە ئېيتماقچىمەن.
زۇلۇم ـ كۈلپەت، يىغا ـ زار ئەلنى باستى،
ئەل ئىچىدە داد ۇ پەرياد تولۇپ تاشتى.

بۇ ئەھۋالنى شاھىم بىلىپ قالسۇن دېدىم،
ئەلنى خۇش قىلىپ دۇئاسىنى ئالسۇن دېدىم.
تىللىمىسام چاقىرماس دەپ ئويلىغانتىم،
بېشىمنىمۇ ئاخىرەتكە يوللىغانتىم.
خۇش ئىدىم مەن ئۆزلىرىنىڭ رەھمىتىدىن،
ياغسۇن دېدىم ئادالەتمۇ ھىممىتىدىن».
بەدۆلەتنىڭ ئاچچىقىمۇ بىرئاز ياندى،
يانپاشلىرى ياستۇقىغا سەل تاياندى.
ياخشى تون ھەم سەروپالار كەلتۈرگۈزدى،
بارچىسىنى بۇ موللامغا كەيدۈرگۈزدى.
توننى كىيىپ ئەل ئىچىگە چىقتى موللام،
بەدۆلەتكە لەقەم قويغان ئۇشبۇ سايرام.
ئۇزۇن تۇرماي بۇ سايرامدا بەدۆلەتمۇ،
شۇنىڭدىن كېيىن بولدى بىرئاز ئادالەتمۇ.
بۇ سايرامدا يېڭىسارلىق بىر يىگىتنى،
سىپاگەرلىك ھۈنىرىدە پىر يىگىتنى؛
قەتل قىلدى كىچىككىنە گۇناھ ئۈچۈن،
ئەلگە ئادىل كۆرۈنمەك مۇددىئا ئۈچۈن.
بۇ يىگىت بىر مومايدىن قېتىق ئالغان،
ئىچىپ بولۇپ پۇلنى بەرمەي كېتىپ قالغان.
موماي بېرىپ ئەرزىن ئېيتتى بەدۆلەتكە،
ئۇمىد شۇكى، جازا بەرسە جىنايەتكە.
بەدۆلەت لەشكەرلىرىن قىلدى سەپراس،
دېدى: كۆرسەت، قايسى ئىچتى، سۆزلىگىن راست.
بۇ مومايمۇ بىر قاراپلا ئالدى تونۇپ،
«ئاشۇ شۇ» دەپ كۆرسەتتىلەر قورقماي تۇرۇپ.
دېدى شۇئان بەدۆلەتمۇ: راستمۇ گېپىڭ؟
يالغان بولسا كېسىلىدۇ ھازىر بېشىڭ».
بۇ مومايمۇ ھەممە گەپكە ماقۇل بولدى،
باشتىن ـ ئاياغ دەۋاسىدا دادىل بولدى.
لەشكەر ئېيتتى تېنىۋالدى «ئىچمىدىم» دەپ،
دېدى موماي سۆزىنى «بۇ يالغان گەپ.»
بەدۆلەتمۇ كەلدى شۇئان دەرغەزەپكە،
بۇيرۇقىنى جاكارلىدى پۈتۈن سەپكە.
يارغۇزىمەن بۇ لەشكەرنىڭ قورسىقىنى،
تەكشۈرىمەن قېتىقنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى.
ئۆز گۇناھى راستلا ئىچكەن بولسا لەشكەر،
لېكىن موماي يالغان تۆھمەت قىلسا ئەگەر؛
تىللىرىنى ئامبۇر بىلەن سۇغۇرىمەن،
تەنلىرىنى قېنى بىلەن يۇغۇرىمەن.
بۇ لەشكەرنىڭ قارنىغا تىغ ئۇرۇلدى ۋارس،
چىقتى قېتىق ئاقتى يەرگە، ئەيىۋھەنناس.
بىر قاچا قېتىق ئۈچۈن جاننى ئېلىش،
كىشىنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەس بۇ ئىش.
بەدۆلەت كۆچار تامان بولدى راۋان،
شۇنىڭ بىلەن بۇ سايرامۇ قالدى ئامان.

خاتىمە

زالىملارنى راست باپلىغان ئۇستا سايرام،
ھايات يولى ئەل غېمىگە پۇختا سايرام.
تارىخلاردا تالاپەتنى كۆپ تارتقان جاي،
مۇقەددەمدە زالىملارغا مۇشت ئاتقان جاي.
بۇ سايرامنىڭ ئەلگە قوشقان ھېكمىتى بار،
زالىملارنىڭ چاپلاپ قويغان تۆھمىتى بار.
رىۋايەتلەر ئاتاقلارنىڭ يىلتىزى بار،
ئەل ئىچىدە ئۇنىڭ قالغان ھەم ئىزى بار.
بەس، بۇ ھەقتە تەكلىپ ئەتتى نەچچە ياران،
ئىجتىھاتقا ئىلىك ئاچتى بارچە ئىمكان.
ئوبدان قاراپ ئەقىل ـ ئىدراك ئەينىكىدە،
سۈزۈپ، تاسقاپ پاراسەتنىڭ ئەلگىكىدە؛
ئىبتىدا دەپ مەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم،
بۇ سەپەرنىڭ دۇلدۇلىغا قامچا سالدىم.
قەلىمىمنى چاپتۇرغانچە يۇردۇم ھەريان،
يېتەلمىدىم ئۇزاپ كەتكەچ نۇرغۇن كارۋان.
تارىخلاردا تالاي ئۆتتى تاراقلىشىپ،
يىللار ئارا بىزدىن كەتتى يىراقلىشىپ.
قەلئە، سېپىل، تۇر، خارابە بار ھەر جايدا،
گەپ سورىسام ئۇندىمىسە نېمە پايدا.
كۆمۈلگەچكە ۋەقەلەرنى كۆرگەنلىرى،
زوۋان سۇرمەس يەر ئاستىدا ياتقانلىرى.
مۇراجىئەت قىلدىم تارىخ بەتلىرىگە،
نەزەر سالدىم رىۋايەتلەر رەتلىرىگە.
يازدىم تامام كۆرگەن بىلەن ئاڭلىغاننى،
ۋەقەگە مەنبەدۇر دەپ چاغلىغاننى.

كۆپ ئەمەستۇر مېنىڭ بىلگەن - كۆرگەنلىرىم،
ئەسكە ئالسۇن ئەل - يۇرتىنى سۆيگەنلىرىم.
بوۋام يازغان بۇ قىسسەنىڭ بايانىنى،
مەنمۇ يازدىم ئىزدەپ - سوراپ داۋامىنى.
دانىشىم يوق پاراسەتسىز ئامى ئۆزۈم،
قەلەمكەشلەر گۇرۇھىنىڭ خامى ئۆزۈم.
بۇ يىل ئاران ئون ئالتە كام يۈزگە كىردىم،
دېمىم قىسقا، تىلىم كېكەچ سۆزگە كىردىم.
ئىككى مىڭ ئون ئالتە ئىدى مىلادىغا،
كىتاب پۈتتى ھاپىز يەتتى مۇرادىغا.

ئەپۇ ئەيلەڭ ئىشلىرىمدا ئازغىنىمنى،
بىلىپ - بىلمەي خاتا - نۇقسان يازغىنىمنى.
كۆرسىڭىز گەر كەم - زىيادە يەرلىرىنى،
تۈكمەڭ يۈزۈمدىن خىجالەت تەرلىرىنى.
ئۇچراتسىڭىز خاتا جايىنى تۈزەپ قويۇڭ،
بەدئىيلىكىنىڭ بايانىدا بېزەپ قويۇڭ.
چەتلەپ كەتمەڭ سىزمۇ ئەل - ئەجدادىڭىزدىن،
يىراق ئەتمەڭ پېقىرنىمۇ يادىڭىزدىن.
ساقىي، سۇنغىل جام، مەيدىن قېنىپ ئىچەي،
تەخىر قىلىڭ، كۆپ ئىچمىگە سەكرەپ چۈشەي.

ئىزاھلار:

①سەنا — ماختاش، مەدھىيە. ② بىئەدەد — ھېسابسىز، نۇرغۇن. ③ خەللاق — ياراتقۇچى. ④ خاتەم — تامغا، تامغىلىق ئۈزۈك، ئۈزۈك، ئاخىر، «خاتەمۇل - ئەنبىيا»نىڭ قىسقارتىلمىسى. ⑤ مەقامى مۇنەززەھ — پاكلىق دەرىجىسى. ⑥ كەلام — سۆز، نۇتۇق. ⑦ سۇتۇن — تۈۋرۈك. ⑧ ئەفلاك — ئاسمان، كۆك. ⑨ شەمسۇ قەمەر — كۈن ۋە ئاي. ⑩ كەبىرۇ سەغىر — قېرى - ياش. ⑪ مۇسەننىف — مۇئەللىپ، ئاپتور. ⑫ رەھمەتۇللا ئەلەيھى — ئاللانىڭ رەھمىتى بولغاي. ⑬ چىميان — يۇرت نامى. ⑭ ئەقرەبا — ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن كىشىلەر. ⑮ چەندان — كۆپ، تولا. ⑯ ياڭلىغ — ...دەك - تەك. ⑰ ئىنتىھا — ئاخىر، سوڭ. ⑱ شەيخ - شەبابى — قېرى - ياش. ⑲ مەسكەن — جاي، ماكان. ⑳ مەدفۇن — كۆمۈلگەن، دەپنە قىلىنغان. ㉑ قەبز — قولغا ئالماق، تۇتماق، ئۆلمەك، ھۆججەت. ㉒ قېپىر — يەر - جاي نامى. ㉓ نەۋ جەۋان — ياش يىگىت. ㉔ لاپا - بوغان — يەر - جاي نامى. ㉕㉖㉗㉘㉙㉚㉛㉜㉝㉞㉟㊱㊲㊳㊴㊵㊶㊷㊸㊹㊺㊻㊼㊽㊾㊿ — سايرامدىكى يەر - جاي ناملىرى. ⑤① ئەردەبىل — ئاقسۇنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى. ⑤②⑤③⑤④ — سايرامدىكى يەر - جاي نامى. ⑤⑤ ئىزتىراب — ھاياجان، پەرشانلىق، چاڭ - توزان. ⑤⑥ سىيراب — مول، كۆپ، سۇلۇق، نەم، ھۆل. ⑤⑦⑤⑧⑤⑨⑥⓪⑥①⑥②⑥③⑥④⑥⑤⑥⑥ — يەر - جاي نامىلىرى. ⑥⑦ پىدىنە — تاماق ئېتىپ يېگىلى بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. ⑥⑧ چۇغلۇقچېچەك — چېچەكى چۇغلۇقنىڭ رەڭگىدە قىزغۇچ ئېچىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. ⑥⑨ خاندۆڭشاھ — پىچان ناھىيەسى لەمجىن بازىرىغا قاراشلىق يۇرتنىڭ نامى بولۇپ، ھازىر «خاندو» دەپ ئاتىلىدۇ. ⑦⓪ چاڭچى — دائىم دېگۈدەك چاڭ - توزان قايناتتىپ تۇرغاچقا، شۇنداق ئاتالغانىكەن. ⑦① كۆن تاشاق — ئىلگىرى بەدۆلەت باشقىلار بىلەن چېلىشقاندا، ئەرلىك ئەزاسى چاچراپ كەتكەنىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆندىن بىر خالتا ياساپ چاچراپ كەتكەن ئەزاسىنى شۇ خالتىغا سېلىپ بېلىگە چىگىپ يۈرگەچكە، باشقىلار تەرىپىدىن شۇنداق ئاتالغانىكەن.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: باي ناھىيە قىزىل يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن دەم ئېلىشقا چىققان)

گۆرۈكەشلىك، سەرراپلىق، بانكا ۋە سودىگەرچىلىكنىڭ بايانى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: «گۆرۈكەشلىك، سەرراپلىق، بانكا ۋە سودىگەرچىلىكنىڭ بايانى» ناملىق بۇ تېكىست «گۆرۈكەشلىكنىڭ بايانى»، «سەرراپلىق ۋە بانكىنىڭ بايانى»، «سەرراپلىقنىڭ بايانى»، «سودىگەرچىلىكنىڭ بايانى»دىن ئىبارەت تۆت پارچە مەزمۇندىن تەركىب تاپقان. تېكىستلەردىن «گۆرۈكەشلىكنىڭ بايانى»، «سەرراپلىق ۋە بانكىنىڭ بايانى»، «سەرراپلىقنىڭ بايانى»نى مۇھەممەد ئەلى داموللا، «سودىگەرچىلىكنىڭ بايانى»نى ئابدۇۋەلى ئاخۇنلار شۋېت مىسسىيونېرى گۇستاف رەكۋېتنىڭ ئالاھىدە تەشەببۇسى بىلەن خوتەن قەغىزى ۋە سىزىقلىق پەرەڭ قەغىزگە يازغان. تېكىستلەرنى قەشقەردىكى شۋېت مىسسىيونېرلىرى يىغىپ ساقلىغان ۋە كېيىن ئۇلار قەشقەردىن ئايرىلغاندا «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» تەركىبىدە شۋېتسىيەگە ئېلىپ كېتىلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى «ياررىڭ يىغمىلىرى»غا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. بۇ تېكىستلەر ھازىر گۇننار ياررىڭ يىغىپ توپلىغان «ياررىڭ يىغمىلىرى» نامىدىكى 207 ـ نومۇرلۇق ئارخىپتا ساقلانماقتا.

بۇ تېكىستلەردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە، بانكىچىلىق، گۆرۈچىلىك ۋە سودىگەرچىلىك ئەھۋاللىرى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان، شۇنداقلا ئەينى دەۋردىكى پۇل ئوبوروت قىلىش ۋە ئالماشتۇرۇش شەكىللىرى، پۇل ئامانەت قويۇش، قەرز ئېلىش شەكىللىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلار بېرىلگەن.

تېكىستلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا مەتىنشۇناسلىق پىرىنسىپى بويىچە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئوقۇلغۇ قىلىندى ھەمدە بىر قىسىم ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلارغا ئىزاھ بېرىلدى. بۇ ئەسەر ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، تىلى، يېمەك ـ ئىچمىكى قاتارلىق مەدەنىيەت قاتلاملىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ دەپ قاراپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلدى.

گەرەۋكەشلىكنىڭ بەيانى
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوقۇلغۇسى

گەرەۋ ئالغۇچى[1] بىر دۇكان ئاچىپ ئەھۋالىغا تۇشلۇق نەقد پۇل[2] يانىدا قويۇپ ئولتۇرۇپ ھاجەتمەنىد مال كۆتەرىپ كەلسە، ئون تەنگەلىك مال بولسا ئىككى مىسقال پۇل بېرىپ ئالادۇر. بۇ قىسمى گەرەۋكەشنى بىر پۇلچى ئاتارلار. بۇلار تەنگەگە ھەفتەدە بىر پۇلدىن ئالارلار. بىر مالنىڭ ئۆزىنى تارىخى ھەفتە ۋە كۇن ئەدەدى[3] بىلەن ئۇچ پارچە كاغەزگە[4] پۇتۇپ پەيپەيزە[5] ياكى گەرەۋ خەت دەپ بىر خەتنى مال قويغان كىشىنىڭ قولىغا تاپشۇرادۇر. ئىككىنچى خەتنى مالنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە قويادۇر. ئۇچۇنچى خەتنى چوڭ دەفتەرىگە ئالادۇر. ئۇلار داڭزا[6] ئايتۇرلار. يەنە بىر قىسمى گەرەۋكەش دۇكاندا مال قويسالار

مال ئون تەنگەلىك بولسا بەش تەنگەگە ئالادۇر. لېكىن بۇلار تەنگەگە ئىككى ئالادۇر. بۇلارنى ئىككى پۇلچى ئاتارلار. بۇلارنىڭ مال ساقلايدۇرغان قائىدەسى ئالتە ئايغىچەلىك ئىكەن. ئالتە ئايدا ئانا پۇلى بالا پۇلى تەڭ بولىۇر ئىكەن. ئول ۋەقت مالنى بازارغا چىقارىپ ساتار ئىكەن. ۋەئىدەسى[7] ئالتە ئاي بولغانى بىرلە تۆرت ئايدا مال ئىگەسى پۇلنى بالاسى بىلەن بېرىپ مالنى ئاجراتىپ ئالالىسا ئالالۇر ئىكەن، ئالالماسا قويغان مالى قولىدىن كېتەر ئىكەن. ئەگەر مال قويغان كىشىنىڭ قولىغا بەرگەن خەت يوقالىپ كەتسە، بەرگەن خەت قولىدا بولماغانى ئۈچۈن مالنى بەرمەس ئىكەن. يىتۈرگەن خەتنى بىر كىشى تاپىپ ئالىپ بەرسە، خەتنى كۆرۈپ ئاڭا بېرۈر ئىكەن. بىر كىشى ئوغۇرلاپ ئالغان مالنى دۇكانىغا ئالىپ بارسا، «سەن بۇ مالنى قايدىن[8] ئالدىڭ؟ سېنى كىم تونۇيدۇر؟» دېمەس ئىكەن. بەلكى بىر كىچىك بالا ئوغۇرلاپ كەلگەن بولسامۇ ھەم پۇل بېرىپ ئالىپ قويار ئىكەن. بۇلار ئوغرى بىلەن شىرىكدەك ھەفتەنىڭ ئىچىدە بىر پۇلدىن تەنگەگە ئالارمىز، دەپ جەزە[9] ھەم ئالار ئىكەن. بەھانە ئىستەپ مالنى ساتغالى قوپار ئىكەن.

گروکش لیک نینک بیانی

گرو الغوچی بر دوکان اچیب اوالیغه توشلوق نقد پل یانیدا قویوب
اولتوروب حاجتمند مال کوتاریب کلسه اون تنکه لیک مال بولسه ایکی
متقال پل بریب الادور بو قسمی گروکشنی بر یل چی اتارلار بو تنکه کا یلکا
هفته ده بر بیلدیق الارلار . بر مال نینک اوزینی تاریخی هفته وکون عددی
بیلان اوچ پارچه کاغذکا یوتوب بیپی زه دیب بر خطنی یا کرد خط مال قوینیان کشی نینک
قولیغه تابشورادور ایکینچی خطنی مال نینک اوزی بیلان ابیله قویادور اوچونچی خطنی
چونک دفتریکا الادور اولار دانکده ایتورلار . بنه بر قسمی گروکشی دوکاندا مال
قویسه لار مال اون تنکه لیک بولسه بیش تنکه کا الادور لیکن بولار تنکه کا ایکی

الادور بولارنی ایکی یل چی اتارلار بولارنینک مال ساقلاییدورغان قاعده سی
الن آی نچه لیک ایکان الته آیدا انایلی یلابیلی تینک بولور ایکان اول وقت
مال نی بازارغه چیقاریب ساتار ایکان و عده سی الته آی بولغانی برله
تورت آیدا مال ایکاسی یل نی بلاسه بیلان بریب مالی نی اجراتیب الالسه
الالور ایکان الالماسه قونوان مالی تولیدین کتار ایکان. اکر مال قونوان
کشی نینک تولیغه برکان خط یوقالیب کتسه برکان خط قولیدا بولماغانی اوچون
مالی نی برماسه ایکان یتورکان خط نی برکشی تاپیب الیب یارسه خطنی
کوروب انکا بروور ایکان برکشی اوغورلاب الغان مال نی دوکانیغه الیب
بارسه بو مال نی قایدین الدینک ستی کیم تونوییدور دیماس ایکان بلکم
برکچیک بلا اوغورلاب کلکان بولسه موهیم یل بریب الیب قویار ایکان
بولار اوغری بیلان شریکدیک هفته نینک ایکیسی ده برلدین تنکه کالالایمز
دیب جنبه هم الار ایکان بو مونه اسباب مال نی ساتغالی قویار ایکان

سەررافلىق ۋە بانقەنىڭ بەيانى

ۋە سەررافلىق دېگەن نەقد[10] زەربلىك پۇلنى زەربسىز پۇلغا تېگەشىپ نەفئ[11] ئالادۇر. ھەم زەربلىك پۇلنى زەربلىك پۇلغا تېگەشەدۇر. مەسەلەن: دارچەن[12]، تېيىن پۇل، ئاق تەنگە بېرىپ زەربسىز كۈمۈش ۋە

زەربسىز ئالتۇن ئالادۇر. ۋە ھەم زەربلىك پۇل بېرىپ، زەربلىك ئالتۇن تىللا ۋە سوم تىللا ئالادۇر. ۋە ھەم ئەللىك سەرلىك يامبۇ ئون سەرلىك كۈمۈش ئالادۇر. ئانىڭ بەدەلىدە ئاق تەنگە ۋە تىزا، تىيىن پۇل، دارچەن پۇل بېرىپ ئالىپ، شۇنىڭ بىلەن فائىدە[13] ئالادۇر. بالدۇ[14] كاغەز سوم[15]، تىللا سوم بىلەن ئوخشاش ئۆتەر ئەردى. ھەلى بىر كىشى بازاردىن بىر نەرسە ئالىپ ئاڭا كاغەز سوم تەڭلەسە، ئالمايدۇرلار. لېكىن، سەررافلار ئۆز ئىچىدە كاغەز سومنى ئالىشىپ ـ ساتاشىپ ئۆز نەرخى بىرلە ئۆزئارا ئۆتكۈزۈشۈپ تۇرۇپدۇرلار. سەررافلار ھەممەسى ئوخشاش ئەمەس. بەئزىلەر تولا دەستمايە[16] ئۆز پۇلى بار ۋە بەئزىلەركىم دەستمايە كىشىلەردىن يۈز سەر كۈمۈشكە ئايدا بىر نەرسە توختىتىپ ئالىپ، شۇنىڭ بىلەن سەررافلىق قىلادۇر. ئۇلاردىن بەئزىسى ئاز پۇلى بولۇپ، چوڭ ئىش قىلالمايدۇرغانلار بار. پۇلغە كاغەز سوم ئالىپ ـ ساتىپ گەزەران[17] قىلادۇر. گاھى زىيان تاپىپ، گاھى فائىدە تاپىپ يۈرەدۇر. ۋە بانقە[18] دېگەننىڭ دەستمايەسى ھەممە دەستمايەدىن چوڭدۇر. ئول ئىش ھەم بىر تەرەفدىن سەرراف تەرىقەسىغە ئوخشايدۇر. چۈنكى، بەئزى كىشىلەرنىڭ نەقدى جىق پۇلى بولسا بانقەغە تاشلايدۇر. ئايدا توختاغلىق پۇلى بار، پۇلغا مۇۋافىق ئايدا نەفئىنى ئالىپ خەرجلەيدۇر[19]. بەئزىلەرگە مال كېرەك بولسا، ھازىر پۇلنى بانقەغە بېرىپ مال بۇيۇرسا، كەلتۈرۈپ بېرەدۇر. شۇبۇ قىبىلە ئىش قىلادۇر. لېكىن، بانقەنىڭ دەستمايەسى ھەممە دەستمايەدىن چوڭدۇر. بىر كىشىنىڭ تولا پۇلى بولۇپ يول سەفەر ئەندىشەسىدىن قورقۇپ پۇلنى بانقەغە بېرىپ يەنە بىر شەھەردەكى بانقەغە دەستىخەتنى[20] ئالىپ بارسا، بانقەغە تاشلاغان پۇلنى ئالالايدۇر. خىتاينىڭ كاغەز پۇلنى تىزا[21]، ئورۇسنىڭ پۇلنى ئاقچا، ئۇشاق پۇلنى تىيىن دەرلەر.


صرّافلیق وبانقه نینک بیانی

وصرّافلیق ویکان نقد ضربلیک پل نی ضرب سز بلغ تیکاشیب نفع الادور
هم ضربلیک پل نی ضرب سیلیک بلغ تیکاشادور مثلاً دارچین تیتی پل آق تنکه بریب
ضرب سز کموش وضرب سز التون الادور وهم ضربلیک پل بریب ضربلیک التون
طلا وصوم طلا الادور وهم الیک سرلیک یا میواون سرلیک کموش الادور
اینک بدلیده آق تنکه وتیزه وتیتی پل دارچین پل بریب الیب شونینک بیلان
فائده الادور بالدو کاغذ صوم طلا صوم بیلان اوخشاش اوتر ایردی
حلی بر کشی بازاردین بر نرسه الیب انکا کاغذ صوم تانکلاسه المایدور لار لیکن

صرافلار اوز ارجیدہ کاغذ صومنی الیشیب سآتاشیب اوزنرخی بیرله اوزارا
اونکوزوشوب توردیب دورلار صرافلار تیہ سی اوخشاش ایماس بعضلاری
تولا دستمایه اوزیلی بار و بعضیلار کم دستمایه کشیلار دین یوزسر کموشکا آیدا
بیرسه توختاتیب الیب شونینک بیلان صرافلیق قیلادور اولار دین بعضیسی
آز یلی بولوب چونک ایش قیلالمایدور غانلار یار یلیق کاغذ صوم الیب ایش
گذران قیلادور گاهی زیان تاپیب گاهی فائده تاپیب یورادور . و بانقه دیکان
نینک دستمایه سی هم دستمایه دین چونک دور اول ایش هم بر طرفدین صراف طریقه سیغه
اوخشایدور چونکه بعضی کشیلار نینک نقدی جینی یلی بولسه بانقه غه تاشلایدور
آیدا توختاغلیق یلی باربلیغه موافق آیدا نفعی نی الیب خرج لایدور بعضیلار کا مال
کراک بولسه حاضر یلی نی بانقه غه ربیب مال بیورسه قلتوروب برادور شیو
قبیله ایش قیلادور لیکن بانقه نینک دستمایه سی هم دستمایه دین چونکدور
بر کشی نینک تولا یلی بولوب یول سفر اندیشه سیدین قورقوب یلی نی بانقه غه
بیریب نیه بر شهرداکی بانقه غه دستخطی نی الیب بارسه بانقه غه تاشلاغان یلی نی اللالار بیدور
خطای نینک کاغذ یلی نی تینزه اوروس نینک یلی اقچه اوشاق یلی نی تیس دیرلار

سەررافلىقنىڭ بەيانى

سەررافلار[22] بىر رەستە تىللا ساراي ئىچىدە ۋە ئالدىدا سەررافلىق قىلۇرلار. ئۇلارنىڭ ئىشى زەربلىق ئالتۇن – كۈمۈش ۋە ھەم زەربسىز ئالتۇن – كۈمۈش، دارچەن پۇل، كاغەز، تىزا، كاغەز سوم بۇلارنى ساتادۇر ۋە ئالادۇر. زەربلىق ئالتۇن – كۈمۈشلەرى تىللا سوم ۋە يامبۇ ئاق تەنگەدۇر. زەربسىز ئالتۇن –

كۈمۈش تىللا يېرىنگ[39] ۋە پارچە كۈمۈشدۇر. بۇلارنىڭ قىلادۇرغان سەۋداسىدا[40] تەفاۋۇتى[41] بار. مەسىلەن، بىر كىشىگە يامبۇ ساتماقچى ۋەيا ئالماقچى بولسا، يامبۇ بەدەلىگە ئاق تەنگە بېرۇر بولسا، ئاز بىر نەرسە كېمەيتىپ بېرۇر. ئەگەر بەدەلىگە تىزا بېرەدۇرغان بولسا، بىر نەرسە زىيادە قىلىپ بېرۇرلەر. ئانداغ ئەمەسكى، تىزا ئالماسا ئالۇرلار، لېكىن تەفاۋۇتسىز ئالماسلار. شۇنداغكى، تىزاغە كەلگەندە ھەر سەۋدادا تەفاۋۇت قىلۇرلار. ئۇلار كاغەز سوم ئالىپ ـ ساتىپ تۇرۇۋپدۇرلار. ئۇلاردا ھەم ئاق تەنگە ۋە تىزا كەبى بار. بالدۇر جالە دەپ ئالۇر ئەردى. مانا ئەمدى جالە تىزا ئۈستىدە قالىپدۇر. بۇ سەبەب تىزانىڭ كۆھنە[42] بولۇپ يىرتىلغان ئۈچۈن ھەممە كىشى تىزىغا كۆڭۈلسىز بولۇپدۇر. بۇ كۈنلەردە تىللا يامبۇ بازارىدىن كاغەز سوم بازارى غولداپ[43] قالىپدۇر. ھەر كىشىنىڭ قولىدا دەستە ـ دەستە كاغەز سوم بار، ئۆز نەرخىدە ساتاشىپ ـ ئالىشىپ[44] تۇرۇۋپدۇر.


صرّافلیق نینگ لیق بیانی

صرّاف لار بر رسته طلا سرای ایچیده و الارده صرّافلیق قیلورلار اولارنینگ الدیده
ضربلیق التون کموش و هم ضرب سز التون کموش وارچه پل کاغذ تینزه کاغذ صوم
بولارنی ساتادور و الادور ضربلیق التون کموش لاری طلا صوم و یامبو و آق تنکه دور
ضرب سز التون کموش طلای ریگ و پارچه کموش دور بولار نینگ قیلادورغان
سوداسیدا تفاوتی بار مثلا بر کشیگا یامبو ساتماقچی و یا الماقچی بولسه یامبو بدلیگا
آق تنکه برور بولسه آز بر نرسه کمیتیب برور اگر بدلیگا تینزه برادورغان بولسه بر نرسه
زیاده قیلیب برورلار انداغ ایماس که تینزه الماسه آلورلار لیکن تفاوت سز
الماسلار شونداغ که تینزه غه کلکانده هر سوداده تفاوت قیلورلار اولار کاغذ صوم
الیب ساتیب توروب دورلار اولاردا هم آق تنکه و تینزه کبی بار بالدور جاله


ویب الور ایردی منا ایمدی حاله تیز دا اوشبو تالیب دور بو سبب تیزه نینگ کیم
بولوب یر ثیلغان او چون همه کشی تیزه غه کونگل سیز بولوب دور بو کونلارده طلا
یا میو بازاریدین کاغذ صوم بازاری غولداب تالیب دور هر کشی نینگ قولیدا
دسته کاغذ صوم بار اوز نرخیده ساتا شیب الیشیب توروب دور

سەۋداگەرنىڭ بەيانى

سەۋداگەر[29] دېگەن ئىقلىمدىن ئىقلىمغا مال ئالىپ بارىپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئاقىل بىر خەلقدۇر. بۇلار مال ئالماي تۇرۇپ ئالىپ ساتادۇرغان مالنىڭ ھېسابىنى فىكىر قىلادۇرغانلارى ھەم بار. بىر شەھەردە مال ئەرزان بولۇپ يەنە بىر شەھەردە مال قىممەت بولسا، ئارالىقىدا[30] قانچە تاپاۋەتى بار، ئەۋۋەل خەيال قىلىپ، ئاندىن مال ئالىپ بارىپ ساتىپ دېگەندەك ھەيان[31] ئالادۇر.

خاقانغا تابىئ[32] كاشغەر[33] دېگەن شەھەرنىڭ يانبۇلاق[34] دېگەن كەنتىدە غوچاق ھاجى، ھەيدىكار ھاجى دېگەن ئىككى بىر تۇققان سەۋداگەر كىشى بار ئەردىلەر. بۇلار بىر كۈن دوستىنىڭ ئۆيىدە بىر نەچە دۇستلارى بىرلە[35] بەزمىدە ئولتۇرۇپ، ئەھلى مەشرەپلەرنىڭ[36] قاتارىدا بىر بىگانە كىشىنىڭ ئولتۇرغانىنى كۆرۈپ: «بۇ نەيەردىن[37] كەلگەن كىشى؟» دەپ بەزمىنىڭ ئىگەسىدىن سورىسا، «ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مۇسافىر» دەپ جەۋاب بەردى. ئول ئادەمنى يانىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۈرۈمچىدە بار سەۋداگەرلەرنىڭ ئەھۋالىدىن چىمىزى[38] گەپلەشىپ، ئاندىن ئۈرۈس ئاقچەسىنىڭ نەرقى باھاسىنىڭ توغراسىدىن سورىدى. «ھازىر بىر سومنى ئۈرۈمچىدە ئون تۆرت تەڭگەگە ئالىپ تۇرادۇر» دەپ جەۋاب بەردىلەر. ئەرتەسى ئۆيگە كېلىپ ساندۇقدا بار سوملارنى بىر يۈز ئەللىك مىڭدىن زىيادەرەك[39] ھېساب قىلدىلار. شول ھەفتە يول جابدۇقى قىلىپ ئىككى بەرادەر[40] ئۈرۈمچىگە سەفەر قىلدىلار. مەنزىل ـ مەراھىللارنى[41] تەي قىلىپ[42]، ئۈرۈمچىگە بارىپ بىر تەنجىرىڭنىڭ سارايىغا تۈشتى. ئەرتەسى[43] بۇلار ساندۇقلارىنى جايلاپ قويۇپ، سەرراف بازارىغا باردىلار. سومنىڭ بەھاسىنى مۇسافىر ئايتقاندەك ئون تۆرت تەڭگەگە ساتىلىپ تۇرغانىنى كۆرۈپ، تولا خۇش بولدىلار. ئەرتەسى تەنجىرىڭلار بىلەن سۆزلەشىپ توققۇز تەڭگە ئوتتۇز پۇلدىن ئالغان بىر يۈز ئەللىك مىڭ سومنى ئون تۆرت تەڭگەدىن نەرق قىلىپ بىر خىشت يىگىرمە سەككىز تەڭگەدىن چايغا تېگىشتىلەر. مەزكۇر چايلارنى كىرا قىلىپ كاشغەرگە ئالدۇرۇپ كېلىپ، سارايىغا تۈشۈرۈپ[44]، بىر خىشت چاينى قىرىق يەتتە تەڭگەدىن نەرق قىلىپ سەۋداگەرلەرگە تارقاتىپ بېرىپ، پۇلىنى ھەفتەلىك ۋەئدەگە[45] ساتتىلار. بۇ ئىككى بەرادەرنىڭ نىييەتى[46] دۇرۇست[47] كىشىلەر ئېدى. پات پۇرسەتدە تولا يەر ـ ھويلا ئالىپ، ھەممەگە شۆھرەت تاپتىلار. ئاز ۋەقتدىن كېيىن، غوچاق ھاجى يۇرتغا سەردار بولۇپ ھەممەنىڭ ئالدىدا ئىززەتلىك بولدىلار. ھەر ۋەقت كەمبەغەل ئادەملەرگە ياردەم بېرۇر بولدى. بەك باي بولغاندا تەكەببۇر بولۇپ، يۇرت خەلقىغە تولا ئازار قىلىپ[48]، پۇل بەرمەي تولا ئادەملەرنى بىكار ئىشلەتۇر ئەردىلەر.

سوداگرنىنك بيانى

سوداگر ديكان اقليم دين اقليم غه مال اليب باريب ساتيب
تيريكچيليك قيلادورغان عاقيل بر خلق دور بولار مال الماى تورۇب
اليب ساتادورغان مال نينك حسابى نى فكر قيلالايدورغان لارى هم
بار بر شهرده مال ارزان بولوب ينه بر شهرده مال قيمت بولسه ارالىقيدا
قانچه تاپاونى بار اول خيال قيليب انرين مال اليب باريب ساتيب
ديكانو يك حياة الادور.

خاقان غه تابعه كاشغر ديكان شهرنينك يان بولاق ديكان
كنتيده غوچاق حاجى حيديكار حاجى ديكان ايكى بر توقان سوداگر
كشى بار ايرديلار بولار بر كون دوستى نينك اوينده بر نيچه دوست لارى
برله بزمده اولتوروب اهلى مشرب لار نينك قطاريدا بر بيگانه كشى
نينك اولتورغانى نى كوروب بو نيردين كلگان كشى ديب بزم نينك
ايكاسيدين سورسه اوروميچى دين كلگان مسافر ديب جواب بردى
اول آدم نى يانيغه اولتورغوزوب اوروميچى ده بار سوداگرلار نينك احواليدين
چيزى گپ الاشيب انرين اوروس اقچه سى نينك نرقى بهاسى نينك

تونغواسیدین سورادی حاضیر بر صومنی اوروپیده اون تورت تنگه‌که
الیب تورادور دیب جواب بردیلار ایرته‌سی اوی‌که کلیب صندوقدا
بار صوملارنی بر یوز الیک مینگ دین زیاده‌راک حساب قیلدیلار شول
هفته یول جابدوقی قیلیب ایکی برادر اوروپیچه سفر قیلدیلار منزل
مراحیل‌لارنی طی قیلیب اوروپیچه باریب بر تنجیرنینگ
سارایغه توشتی ایرته‌سی بولار صندوق‌لارینی جابلاب قویوب
سراف بازاریغه باردیلار صومنینگ بهاسینی مسافر ایتقاندیک اون
تورت تنگه‌که ساتیلیب تورغانینی کوروب تولا خوش بولدیلار
ایرته‌سی تنجیرنینگ‌لار بیلان سوزلاشیب توقوز تنگه اوتوز پولدین
الغان بر یوز الیک مینگ صومنی اون تورت تنگه دین نرق قیلیب
بر خیشت یگرمه سکز تنگه دین چایغه تیگیشتی‌لار مذکور چای‌لارنی
کیرا قیلیب کاشغرگه الدوروب کلیب سارایغه توشوروب بر خیشت
چاینی قرق بیته [?] تنگه دین نرق قیلیب سوداگرلارگه تارقاتیب بیریب
پولینی هفته‌لیک وعده‌گه ساتیبلار بو ایکی برادرنینگ تهتی [?] دوروست
کشی‌لار ایدی پات یورسته‌ده تولا یوجیلی الیب همه‌که شهرت

تاپتیلار از وقت دین کین غوجاق حاجی یورت غه سردار بولوب
همه نینک الدیدا عزتلیک بولدیلار هر وقت کمبغل آدملارکه یاردم
مرور بولدی بک بای بولغاندا تکبّر بولوب یورت خلقیغه تولا آزار
قیلیب پول برمای تولا آدملارنی بیکار ایشلاتور ایدیلار.

يەشمىسى

گۆرۈكەشلىكنىڭ بايانى

گۆرۈ ئالغۇچى بىر دۇكان ئېچىپ، ئەھۋالىغا تۇشلۇق نەق پۇلنى يېنىدا سېلىپ ئولتۇرۇپ، بىرەر ھاجەتمەن كىشى مال كۆتۈرۈپ كەلسە، ئون تەڭگىلىك مال بولسا، ئۇنى ئىككى مىسقال پۇل بېرىپ ئالىدۇ. مۇنداق گۆرۈكەشنى «بىر پۇلچى» دەپ ئاتايدۇ. بىر تەڭگىگە ھەپتىدە بىر پۇلدىن ھەق ئالىدۇ. بىر مالنىڭ ئۆزىنى ھەپتە ۋە كۈن سانى بىلەن ئۈچ پارچە قەغەزگە پۈتۈپ، پەيپەيزە ياكى گۆرۈ خەت دەپ بىر خەتنى مال قويغان كىشىنىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ؛ ئىككىنچى خەتنى مالنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە قويىدۇ؛ ئۈچىنچى خەتنى چوڭ دەپتىرىگە تىزىملايدۇ، ئۇلارنى «دەنزە» دەپ ئاتايدۇ. يەنە بىر خىل گۆرۈكەش بولۇپ، بىرەرسى دۇكاندا مال قويسا، قويغان كىشىنىڭ مېلى ئون تەڭگىلىك بولسا، بەش تەڭگە ئالىدۇ. لېكىن، بۇلار بىر تەڭگىگە ئىككى پۇل ئالىدۇ. بۇلارنى «ئىككى پۇلچى» دەپ ئاتايدۇ. بۇلارنىڭ مال ساقلايدىغان قائىدىسى ئالتە ئايغىچىلىك ئىكەن. ئالتە ئايدا ئانا پۇلى بىلەن بالا پۇلى تەڭ بولىدىكەن. ئۇ ۋاقىتتا مالنى بازارغا ئاچىقىپ ساتىدىكەن. بەلگىلەنگەن مۇددەتتى ئالتە ئاي بولغىنى بىلەن مال ئىگىسى پۇلنى تۆت ئايدا بالا پۇل بىلەن بېرىپ مالنى قايتۇرۇپ ئالالايدىكەن. ئالالمىسا قويغان مېلى قولدىن كېتىدىكەن. ئەگەر مال قويغان كىشىنىڭ قولىدىكى مال قويغانلىق خېتى يىتىپ كەتسە، بەرگەن خەت قولىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن مالنى بەرمەيدىكەن. يىتكەن خەتنى بىر كىشى تېپىۋېلىپ ئېلىپ بارسا، خەتنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا مالنى بېرىدىكەن. بىر كىشى ئوغرىلىۋالغان مالنى دۇكانغا ئېلىپ بارسا، «سەن بۇ مالنى قەيەردىن ئالدىڭ؟»، «سېنى كىم تونۇيدۇ؟» دېمەيدىكەن. بەلكى بىر كىچىك بالا ئوغرىلاپ كەلگەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ ئېلىپ قويىدىكەن. بۇلار ئوغرى بىلەن شېرىكتەك، ھەپتىنىڭ ئىچىدە بىر پۇلدىن تەڭگە ئالىمىز دەپ جازانىخورلۇق قىلىدىكەن. باھانە ئىزدەپ مالنى ساتقىلى قويىدىكەن.

سەرراپلىق ۋە بانكىنىڭ بايانى

سەرراپلىق دېگەن نەق زەربىلىك پۇلنى زەربىسىز پۇلغا تېگىشىپ نەپ ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا،

زەربلىك پۇلنى زەربلىك پۇلغا تېگىشىشنىمۇ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، داچەن، تىيىن پۇل، ئاق تەڭگە بېرىپ، زەربىسىز كۈمۈش ۋە زەربىسىز ئالتۇن ئالىدۇ. زەربلىك پۇل بېرىپ زەربلىك ئالتۇن تىللا ۋە سوم تىللا ئالىدۇ. يەنە ئەللىك سەرلىك يامبۇغا ئون سەرلىك كۈمۈش ئالىدۇ؛ ئۇنىڭ بەدىلىگە ئاق تەڭگە ۋە تىزا، تىيىن پۇل، داچەن پۇل بېرىپ، شۇنىڭ بىلەن پايدا ئالىدۇ. بۇرۇن قەغەز سوم تىللا سومغا ئوخشاش ئۆتەتتى، ھازىر بىر كىشى بازاردىن بىر نەرسە ئېلىپ ئۇنىڭ ئورنىدا قەغەز سوم تەڭلىسە، ئالمايدۇ. لېكىن، سەرراپلار ئۆز ئىچىدە قەغەز سومنى ئېلىپ ـ سېتىپ ئۆز نەرخىدە ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. سەرراپلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەرنىڭ دەسمايىسى كۆپ، بەزىلىرىنىڭ دەسمايىسى ئاز بولۇپ، كىشىلەردىن يۈز سەر كۈمۈشكە ئايدا بىر نەرسە توختىتىپ ئېلىپ، شۇنىڭ بىلەن سەرراپلىق قىلىدۇ. ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ پۇلى ئاز بولغاچقا، چوڭ ئىش قىلالمايدۇ. پۇلغا قەغەز سوم ئېلىپ ـ سېتىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. گاھى زىيان تارتىپ، گاھى پايدا تېپىپ يۈرىدۇ. بانكىنىڭ دەسمايىسى ھەممە دەسمايىدىن كۆپتۇر. مۇنداق ئىش يەنە بىر تەرەپتىن سەرراپنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى، بەزى كىشىلەرنىڭ نەق پۇلى جىق بولسا بانكىغا قويىدۇ. ئايدا مۇقىم پۇلى بار بولۇپ، پۇلغا مۇۋاپىق ئايدا ئۆسۈمنى ئېلىپ خەجلەيدۇ. بەزىلەرگە مال كېرەك بولسا، يېنىدىكى پۇلنى بانكىغا بېرىپ مال بۇيرۇسا، بانكا كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە ئىش قىلىدۇ. لېكىن، بانكىنىڭ دەسمايىسى ھەممە دەسمايىدىن كۆپتۇر. بىر كىشىنىڭ پۇلى كۆپ بولۇپ، يول سەپەردىن ئەندىشە قىلىپ پۇلنى بانكىغا تاپشۇرۇپ، يەنە بىر شەھەردىكى بانكىغا چەكنى ئېلىپ بارسا، بانكىدىكى پۇلنى ئالالايدۇ. خەنزۇلارنىڭ قەغەز پۇلنى «تىزا»، ئورۇسنىڭ پۇلنى «ئاقچا»، ئۆششاق پۇلنى «تىيىن» دەيدۇ.

سەرراپلىقنىڭ بايانى

سەرراپلار بىر رەستىدىكى تىللا سارايىنىڭ ئىچىدە ياكى سارايىنىڭ ئالدىدا سەرراپلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشى بولسا زەربلىك ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە زەربىسىز ئالتۇن ـ كۈمۈش، داچەن پۇل، قەغەز، تىزا، قەغەز سوم قاتارلىقلارنى سېتىش ياكى ئېلىشتۇر. زەربلىك ئالتۇن ـ كۈمۈش دېگەن تىللانى، يامبۇ بولسا ئاق تەڭگىنى كۆرسىتىدۇ. زەربىسىز ئالتۇن ـ كۈمۈش تىللا، يىرىك ۋە پارچە كۈمۈشتۇر. بۇلارنىڭ قىلىدىغان سودىسىدا تاپاۋىتى بار. مەسىلەن، بىر كىشىگە يامبۇ ساتماقچى ياكى ئالماقچى بولۇپ، يامبۇنىڭ ئورنىغا ئاق تەڭگە بەرمەكچى بولسا، ئازراق بىر نەرسە كېمەيتىپ بېرىدۇ. ئەگەر بەدىلىگە تىزا بەرمەكچى بولسا، بىر نەرسىنى ئارتۇق قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، تىزا ئالمىسا ئالمايدۇكى، تاپاۋەتسىز ئالمايدۇ. شۇنداقكى، تىزىغا كەلگەندە ھەرقانداق سودىدا تاپاۋەت قىلىدۇ. ئۇلار قەغەز سوم ئېلىپ ـ سېتىپ تۇرىدۇ. ئۇلاردا ئاق تەڭگە ۋە تىزىغا ئوخشاش نەرسىلەر بار. بۇرۇن «جالە» دەپ ئالاتتى، ھازىر جالە تىزىنىڭ ئۈستىدە قاپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى تىزا كونىراپ يىرتىلغاچقا، ھەممە كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن رايى يېنىپتۇ. بۇ كۈنلەردە تىللا، يامبۇ بازىرىدىن بەكرەك قەغەز سوم بازىرى كۆپىيىپ قاپتۇ. ھەر كىشىنىڭ قولىدا تۇتام ـ تۇتام قەغەز سوم بار، ئۆز نەرخىدە ئېلىپ ـ سېتىشىپ تۇرىدۇ.

سودىگەرنىڭ بايانى

سودىگەر دېگەن ئىقلىمدىن ـ ئىقلىمغا مال ئېلىپ بېرىپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئاقىل

بىر خەلقتۇر. بۇلارنىڭ ئارىسىدا مال ئالماي تۇرۇپ ئېلىپ ـ ساتىدىغان مالنىڭ ھېسابىنى پىكىر قىلىدىغانلىرىمۇ بار. بىر شەھەردە مال ئەرزان بولۇپ، يەنە بىر شەھەردە مال قىممەت بولسا، ئوتتۇرىدا قانچىلىك تاپاۋىتى بار ئىكەنلىكىنى ئويلىشىپ ئاندىن مال ئېلىپ بېرىپ سېتىپ پايدا ئالىدۇ.

مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق قەشقەر دېگەن شەھەرنىڭ يانبۇلاق دېگەن كەنتىدە غوچاق ھاجى، ھەيدىكار ھاجى دېگەن ئىككى بىر تۇغقان سودىگەر كىشى بار ئىدى. بۇلار بىر كۈنى دوستىنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە دوستى بىلەن بىللە بەزمىدە ئولتۇراتتى. مەشرەپ ئەھلىنىڭ قاتارىدا بىر ناتونۇش كىشىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، «بۇ نەدىن كەلگەن كىشى؟» دەپ بەزمىنىڭ ئىگىسىدىن سورىسا، «ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مۇساپىر» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار ئۇ ئادەمنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۈرۈمچىدىكى سودىگەرلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بىرئاز گەپلىشىپ، ئاندىن ئورۇس ئاقچىسىنىڭ نەرخى ھەققىدە سوئال سورىدى. ئۇ ئادەم: «ھازىر بىر سومنى ئۈرۈمچىدە ئون تۆت تەڭگىگە ئالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار ئەتىسى ئۆيىگە كېلىپ ساندۇقتا بار سوملارنى ھېسابلىدى. جەمئىي بىر يۈز ئەللىك مىڭ سوم چىقتى. ئۇلار شۇ ھەپتىسى يول جابدۇقى قىلىپ ئۈرۈمچىگە سەپەر قىلدى. سەپەر ھازىرلىقلىرىنى تەييارلاپ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ، بىر تەنجىرىڭنىڭ سارىيىغا چۈشتى. ئەتىسى بۇلار ساندۇقلىرىنى جايلاپ قويۇپ سەرراپ بازىرىغا باردى. ھېلىقى مۇساپىر ئېيتقاندەك، بىر سومنىڭ ئون تۆت تەڭگىگە سېتىلغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق خۇش بولدى. ئەتىسى ئۇلار تەنجىرىڭلار بىلەن سۆزلىشىپ، توققۇز تەڭگىگە ئوتتۇز پۇلدىن ئالغان بىر يۈز ئەللىك مىڭ سومنى ئون تۆت تەڭگىدىن ھېسابلاپ، ئاندىن يىگىرمە سەككىز تەڭگىگە بىر كېسەك چاي ھېسابلاپ ئالدى. ئۇلار كىرا قىلىپ مەزكۇر چايلارنى قەشقەرگە ئەكەلدۇرۇپ سارايغا چۈشۈرۈپ، بىر كېسەك چاينى قىرىق يەتتە تەڭگىدىن سودىگەرلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، پۇلىنى بىر ھەپتىدە بېرىدىغانغا كېلىشىپ ساتتى. بۇ ئىككى بۇرادەرنىڭ نىيىتى دۇرۇس كىشىلەر ئىدى. ئۇلار پات پۇرسەتتە نۇرغۇن يەر ۋە ھويلا سېتىۋېلىپ كاتتا شۆھرەت قازاندى. بىر مەزگىلدىن كېيىن غوجاق ھاجى يۇرتىغا باش بولۇپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا ئاتاقلىق ئىگە بولدى. ئۇ دائىم دېگۈدەك كەمبەغەللەرگە ياردەم قولىنى سۇندى. بەك بېيىپ كەتكەندە بولسا تەكەببۇرلىشىپ، يۇرت خەلقىگە نۇرغۇن ئازار بېرىپ، پۇل بەرمەي نۇرغۇن ئادەملەرنى بىكار ئىشلەتتى.

ئىزاھلار:

① گەرەۋ ــ گۆرۈ، رەنە. ② نەقد پۇل ــ نەق پۇل. ③ كونا ئەدەدى ــ كونا ھېسابى، ۋاقىت چېكى. ④ كاغەز ــ قەغەز. ⑤ پەيپەيزە ــ بۇ، خەنزۇچىدىكى «牌子» دېگەن سۆز بولۇپ، مىنگو دەۋرىدىكى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئۈچۈن چىقىرىلغان خەت ياكى ھۆججەتنى كۆرسىتىدۇ. ⑥ داڭزا ــ بۇ خەنزۇچىدىكى «单子» دېگەن سۆز بولۇپ، «تالون» دېگەن مەنىدە. ⑦ ۋەئدە ــ ۋەدە، لەۋز. ⑧ قايدىن ــ قەيەردىن، نە يەردىن. ⑨ جەزە ــ بۇ سۆز مەتنىدە بىرئاز ئېنىقسىز بولغاچ، جۈملىنىڭ ئومۇمىي مەنىسىدىن «جەزە، جەز» دەپ پەرەز قىلىنىدى. مۇنداق بولغاندا، مەنىسى «نەپ ئېلىش، چوتا ئايرىش، پايدا ئايرىش» بولۇپ، ئەسلىي تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا يېقىنلىشىدۇ. ⑩ نەقد ــ نەق. ⑪ نەفئ ــ نەپ، پايدا. ⑫ دارچەن ــ بۇ خەنزۇچىدىكى «大钱» دېگەن سۆز بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى قىممىتى ئەڭ كىچىك، ئوتتۇرىسى تۆشۈك مېتال پۇلدۇر. بىر داچەن ھازىرقى بىر پۇڭغا توغرا كېلىدۇ. ⑬ فائىدە ــ پايدا. ⑭ بالدۇ ــ بۇرۇن، بالدۇر، ئىلگىرى. ⑮ كاغەز سوم ــ قەغەز پۇل، قەغەز سوم. ⑯ دەستمايە ــ دەسمايە. ⑰ گەزەران ــ كونا ئۆتكۈزۈش، جان بېقىش. ⑱ بانقە ــ بانكا. ⑲ خەرەجلەيدۇ ــ خەجلەيدۇ، سەرپ قىلىدۇ. ⑳ دەستخەت ــ قولدا يېزىلغان خەت، تىلخەت. ㉑ تىزە ــ بۇ، مىنگونىڭ دەسلىپىدە چىقىرىلغان پۇلنىڭ نامى بولۇپ، خەنزۇچە «帖子» دېيىلىدۇ. ئومۇمەن پۇل مەنىسىدە كېلىدۇ. ㉒ سەرراف ــ سەرراپ، گۆرۈكەش. ㉓ يېرىگ ــ يىرىك. ㉔ سەۋدا ـ سودا ـ سېتىق. ㉕ تەفاۋۇت ــ تاپاۋەت، كىرىم. ㉖كۆھنە ــ كونا. ㉗ غولداپ ــ كۆپىيىپ، جىقلاپ. ㉘ ساتاشىپ ـ ئالاشىپ ــ ئېلىشىپ ـ سېتىشىپ، ئېلىم ـ سېتىم. ㉙ سەۋداگەر

— سودىگەر، سېتىقچى. ㉚ ئارالىقىدا — ئارىلىقىدا، ئارىسىدا. ㉛ ھەييان — ھايان، پايدا. ㉜ خاقانغا تابىئە — چىلاڭ ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق، خانغا قاراشلىق. ㉝ كاشغەر — قەشقەرنىڭ بۇرۇنقى نامى. ㉞ يانبۇلاق — قەشقەردىكى يەر - جاي نامى. ㉟ بىرلە — بىللە، بىرلىكتە. ㊱ ئەھلى مەشرەپلەرنىڭ — مەشرەپ ئەھلىلىرىنىڭ. ㊲ نە يەردىن — قەيەردىن. ㊳ چىيزى — ئۇدۇل، توز. ㊴ زىيادەرەك — كۆپرەك، جىقراق، ئارتۇقراق. ㊵ بەرادەر — بۇرادەر. ㊶ مەنزىل مەراھىل — يول، مەنزىل. ㊷ تەي قىلىپ — يۈرۈپ، مېڭىپ. ㊸ ئەرتەسى — ئەتىسى. ㊹ تۈشۈرۈپ — چۈشۈرۈپ. ㊺ ۋەئدە — ۋەدە، لەۋز. ㊻ نىييەت — نىيەت. ㊼ دۇرۇست — دۇرۇس، توغرا، ھەقىقىي. ㊽ ئازار قىلىپ — ئازار بېرىپ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىدە)

«ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە» — شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ ئەسىرى

ئۆمەرجان نۇرى

ئىككى يىلدىن بېرى ئىمىر غىياس «‹ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە›نى شاھ مەھمۇد چوراس يازغانمۇ؟» (شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2014 ـ يىللىق 1 ـ سان)، «‹ئەنىسۇت ـ تالىبىن›دىن ‹رەفىقۇت ـ تالىبىن›، غىچە» (بۇلاق، 2014 ـ يىللىق 6 ـ سان)، «‹ئۈچ پارچە ئەسەر› ۋە يەتتە خىل قاراش» (شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2015 ـ يىللىق 3 ـ سان)، «‹ئالتەشەھەر› سۆزى توغرىسىدا — ‹ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە›نىڭ ئاپتورى كىم؟» (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 2015 ـ يىللىق 3 ـ سان) قاتارلىق ئوخشاش بىر مەزمۇن، بىر تېمىدىكى ئالتە ماقالىنى گېزىت ـ ژۇرناللاردىلا ئەمەس، «بوزقىر تورى»دىمۇ ئېلان قىلىپ، نۇشىرۋان يائۇشېف پارسچىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىپ، «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە»نى شاھ مەھمۇد چوراس يازمىغان، دېگەن دەۋانى ئاقتۇرۇش ئۈچۈن جىق قان ـ تەر سەرپ قىلىۋاتىدۇ. مەن دەسلەپتە ئىمىر غىياسنى «ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى»نى نەشرگە تەييارلاشتا ئاساسلانغان ئەسلىي مەنبەنى كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، پەرەز بىلەن سۆز ئويۇنى ئويناۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئانچە ئېرەن قىلمىغانىدىم. كېيىن ئىمىر غىياسنىڭ «ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى»نى تولۇق، چۈشىنىپ ئوقۇمايلا قالماستىن، شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ ھازىرقى زامان مەتبۇئاتلىرىدا نەشر قىلىنغان «يەكەن سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ۋە «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نىمۇ چۈشىنىپ ئوقۇيالمىغانلىقىنى، يەنە چاپىقىنى ئالمەن دەپ كۆزىنى ئويۇۋېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا، شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ يۇقىرىقى ئىككى ئەسىرىنىڭ ھازىرقى زامان مەتبۇئاتلىرىدىكى نەشرى ئۈستىدە چۈشەنچە بېرىشنى لايىق تاپتىم.

شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ ھازىرغىچە ئىلىم ئەھلىگە مەلۇم بولغان ئەسىرى ئىككى بولۇپ، بىرى، ئىمىر غىياس شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ ئەمەس، دەپ دەۋاسىنى قىلىۋاتقان پارسچە يېزىلغان تارىخىي ئەسىرى، يەنە بىرى، پارسچە يېزىلغان «ئەنىسەت ـ تالىبىن» دۇر.

شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ پارسچە يېزىلغان تارىخىي ئەسىرى ئىسمائىل خان دەۋرىدە ھىجرىيەنىڭ 1087 ـ يىلى (مىلادىيەنىڭ 1676 — 1677 ـ يىللىرى) تاماملانغان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەرگە مۇئەللىپ تەرىپىدىن ئىسىم قويۇلمىغان. 1913 ـ يىلى ۋ . ۋ . بارتولد تاشكەنتتە باقىجانباي دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە بۇ قول يازمىدىن بىرنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلمىي كاماندىروپكا» دېگەن ماقالىسىدە تونۇشتۇرغان ۋە «كاشغەر تارىخى» دېگەن ئىسىمدا بەزى قىممەتلىك مەزمۇنلارنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. 1916 ـ يىلى تاشكەنتتىكە قايتا كەلگەندە بۇ قول يازمىنى سۈرەتكە تارتىپ ئېلىپ


شاه محمود
بن میرزا فاضل چراس
تاریخ
تصحیح متن فارسی، ترجمه به روسی وتعلیقات
و حواشی و فهرستها
از ا. ف. اکی موشکین

كەتكەن. ئا . ف . ئاكىمۇشكىن سۈرەتكە تارتىلغان شۇ نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاپ، «تارىخى شاھ مەھمۇد بىننى مىرزا فازىل» دېگەن مەتنىگە ئاساسەن، پارسچە «تارىخ» (بەزىلەر دەپ يۈرگەندەك «تاۋارىخ» ئەمەس)، رۇسچە «خرونىكا» (يىلنامە) دېگەن ئىسمىنى قويۇپ، 1976 ـ يىلى موسكۋادا نەشر قىلدۇرغان. بۇ نەشرىدە پارسچە مەتىن (تېكىست) نى تەھقىقلەپ يېڭىدىن بەتكە تىزدۇرۇپ، رۇسچە تەرجىمە ۋە فىھرىست (ئىندېكىس) نى قوشۇپ ئېلان قىلدۇرغان①. (بۇ ھەقتىكى تونۇشتۇرۇشنى ۋېي لياڭتاۋ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىن كۆرۈۋېلىڭ)②.

مەزكۇر ئەسەر 2010 ـ يىلى سانكىت پېتىربۇرگدا قايتا نەشر قىلىنغان. ئاكىمۇشكىن بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىغاندا، شاھ مەھمۇد چۇراسنىڭ يەنە بىر پارسچە يېزىلغان ئەسىرى «ئەنىسەت ـ تالىبىن»نى قىسقارتىپ (مەزكۇر ئەسەرنىڭ 331 ـ بەتتىن 344 ـ بەتكىچە) بېرىش بىلەن بىللە شاھ مەھمۇد چۇراس ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان مىر خالىددىن كاتىب ياركەندىينىڭ «ھىدايەتنامە»سىنىمۇ قىسقارتىپ (مەزكۇر ئەسەرنىڭ 345 ـ بەتتىن 346 ـ بەتكىچە) بەرگەن. بۇ ئىككى ئەسەرگە ئايرىم ئېما قويۇپ، نەدە ساقلىنىۋاتقانلىقى ۋە ئەسەر تىلى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. 1980 ـ يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، بۇ كىتابتىكى پۈتۈن پارسچە مەتىننى ھەبىبۇللا ئېلى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققاندىن كېيىن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن نامدا 1988 ـ يىلى نەشر قىلغان. كىمنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولغانلىقى نامەلۇم، «ئەنىسەت ـ تالىبىن» بىلەن «ھىدايەتنامە»نىڭ تەرجىمىسىنى ئاكىمۇشكىندەك ئېما قويۇپ ئايرىماستىن «تارىخ»نىڭ داۋامىغا قوشۇپ، ھەتتا ئارىسىغا قىيما تىققاندەك كىرگۈزۈپ، پۈتۈن مەتىننى بىرلا كىتاب ھالىتىدە نەشر قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالغان. ئەسلىدە «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»نىڭ 205 ـ بەتتىكى يۇقىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى قۇر بىلەن شاھ مەھمۇد چۇراسنىڭ تارىخىي تېمىدىكى ئەسىرى ئاخىرلىشىدۇ ۋە مەزكۇر بەتتىكى «شۇتۇر خېلىپەنىڭ ۋەقەلىرى» دېگەن ماۋزۇدىن باشلاپ «ئەنىسەت ـ تالىبىن» باشلىنىپ، 237 ـ بەت يۇقىرىدىن سانىغاندا بەشىنچى قۇردىكى «ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر!» دېگەن جۈملە بىلەن تاماملىنىدۇ. مەزكۇر بەتنىڭ ئالتىنچى قۇردىن «ھىدايەتنامە» باشلىنىپ، 239 ـ بەتتىكى «... ۋە بەزىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈكىگە توپا چاچتى» دېگەن قۇر بىلەن تاماملىنىدۇ. 239 ـ بەتتىكى «باباقبەگ بىلەن ئاخۇند كالانلارنىڭ كەلگىنى ۋە شۇ چاغدا بولغان ئىشلار» دېگەن ماۋزۇدىن كىتابنىڭ ئاخىرىغىچە يەنە شاھ مەھمۇد چۇراسنىڭ «تارىخ» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئاخىرى بولۇپ، ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىنىڭ 100 ـ، 101 ـ بەتلەردىكى مەتىنىدىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى «موللا ئىۋەز ئوغلى دوست قولى» بۇ تارىخىي ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى بولماستىن، بەلكى «تارىخ» دېگەن ئەسەرنى تاماملىغۇچىدۇر. دېمەك، يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلغان. ھەتتا ئابلەت نۇردۇن ئۇيغۇرچە نۇسخىسىغا ئاساسەن خەنزۇچىغا «يىلنامە (编年史)، دەپ تەرجىمە قىلغان نۇسخىسىدىمۇ بۇ سەۋەنلىك شۇ پېتى كېتىپ قالغان③.

بۇ ئەسەردىن بىر نۇسخىنى نۇشىرۋان يائۇشېف 1915 - يىلى قاراقاشلىق ئەيسا قازىدىن ئارىيەت ئېلىپ، پارسچىدىن تاتارچىغا ئۆزلەشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىپ، ئەسلىي نام قويۇلمىغان بۇ ئەسەرگە مەزمۇنىغا ئاساسەن «ئالتە شەھەر تارىخىدىن بىر پارچە» دەپ نام قويۇپ، ئۇدۇللۇق «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرىدۇ. ئارقىدىن شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار تولۇقلىنىپ كەتسۇن دېگەن نىيەتتە ئۆزى ئىگىلىگەن ماتېرىياللارنى «ئالتە شەھەر تارىخىدىن بىر پارچە»نىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئېلان قىلدۇرۇۋېرىدۇ. ئاكىمۇشكىن نۇشىرۋان يائۇشېفنىڭ تاتارچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇرغان نۇسخىسىنىڭ دەل شاھ مەھمۇد چۇراسنىڭ تارىخىي ئەسىرى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئەيسا قازىنىڭ قولىدا قالغان نۇسخىسىدىن ئۈچۈر ئالالمىغانلىقىنى يازىدۇ[4].

نۇشىرۋان يائۇشېف «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 - يىلىدىكى 13 - سانىدا مەزكۇر قول يازمىنى تاپقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بىراق، 18 - سانىدا ئالتە شەھەرنىڭ قاراڭغۇ تارىخىدىن شاھ مەھمۇد چۇراسنىڭ «تارىخ» دېگەن ئەسىرى باشلانغان تارىخچە بولغان مەزمۇنلارنى ئۆزى تولۇقلاپ قويىدۇ. «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 - يىلىدىكى 19 - سانىدىن 1916 - يىلىدىكى 22 - سانىغىچە بولغان تۆت ساندا ۋە 1917 - يىلىدىكى 18 - ساندا ئېلان قىلىنغان «ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە» دەل شاھ مەھمۇد چۇراسنىڭ «تارىخ» دېگەن ئەسىرىدۇر. بۇ نۇقتىدا شۈبھىلەنگۈدەك ياكى تالاش - تارتىش قىلغۇدەك يوچۇق يوق. 1916 - يىلىدىكى 24 - سانىدىن باشلاپ ئېلان قىلىنغانلىرى، نۇشىرۋان يائۇشېفنىڭ ئۆزى ئىگىلىگەن مەلۇماتلارغا ئاساسەن يېزىپ چىققان مەزمۇنلار بولۇپ، شاھ مەھمۇد چۇراسقا تەئەللۇق ئەمەس. 1916 - يىلىدىكى 23 - ساندا بېرىلگەن بايان نۇشىرۋان يائۇشېف داۋاملاشتۇرۇپ يازماقچى بولغان تارىخنىڭ كىرىش سۆزى بولۇپ، نۇشىرۋان يائۇشېفقا مەنسۇپ مەزمۇنلار 1916 - يىلىدىكى 24 - سانىدىن باشلىنىپ، 1917 - يىلىدىكى 10 - ساندا ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. نۇشىرۋان يائۇشېفنىڭ بۇ يازغانلىرى، شۇ چاغقىچە يېزىلغان تۇنجى «ئالتە شەھەر تارىخى» ھېسابلىنىدۇ.

ئاتالمىش «تارىخى رەشىدىي - زەيلى»نىڭ تېپىلىش جەريانى ۋە نېمە ئۈچۈن «تارىخى رەشىدىي - زەيلى» دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقى ھەققىدە ھاجى نۇرھاجى تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ («بۇلاق» ژۇرنىلى، 2002 - يىللىق 3 - سان). شۇنىڭدەك ئەسەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ھەققىدە مەخمۇت ئابدۇۋەلى تەھلىل يۈرگۈزىدۇ («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2003 - يىللىق 3 - سان). شاپىگرافتا بېسىپ ئىچكى قىسىمدا پايدىلىنىش ئۈچۈن تارقىتىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن، ئابدۇرېشىت مۇھەممەت نەشرگە تەييارلاپ، ئاۋۋال «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 3 - سانىدا، كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى چىقارغان «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 1 -، 2 - سانىغا بېسىلغان «تارىخى رەشىدىي - (زەيلى)» ناملىق ئەسەردە، بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى مىرزا مەھمۇد چۇراس، دەپ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، بۇ ئىككى نۇسخىدا بىردەك مەھمۇد چۇراسنىڭ ئىسمى ئۇچرىمايدۇ. ئەسلىدە «تارىخى رەشىدىي - زەيلى»نىڭ مۇئەللىپى مىرزا شاھ مەھمۇد چۇراس، دېگەن ئاتالمىش تەتقىقات نەتىجىسىنى 30 يىلنىڭ ئالدىدا پېشقەدەملىرىمىز توقۇپ چىققان. بۇ ئەسەرنىڭ

ئەسلىي نۇسخىسى يورۇقلۇققا چىققاندا، ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ.

«ئەنىسەت ـ تالىبىن»نىڭ مۇئەللىپى مىرزا مەھمۇد چوراس ئىكەنلىكىدە تالاش ـ تارتىش يوق. «ئەنىسەت ـ تالىبىن»نىڭ ئاكىمۇشكىن ئېلان قىلغان قىسقارتىلغان نۇسخىسىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى ليۇ يىڭشېڭ، ليۇ جېڭيىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ («سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»دىكى 205 ـ بەتتىن 222 ـ بەتكىچە بولغان مەزمۇننى) ئېلان قىلغاندىن كېيىن⑤، ئەزىز يۈسۈپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن «ئەنىسەت ـ تالىبىن»نىڭ ئاكىمۇشكىن ئېلان قىلغان قىسقارتىلغان نۇسخىسى «يەكەن سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»نىڭ 205 ـ بەت بىلەن 237 ـ بەت ئارىلىقىغا كىرىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

«ئەنىسەت ـ تالىبىن»نىڭ تۈركىي تەرجىمىسى «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نىڭ سانكىت ـ پېتىربۇرگدا ساقلىنىۋاتقان B771 ـ نومۇرلۇق نۇسخىسىنىڭ، 13 ـ بەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋە 14 ـ بەتنىڭ باشلىنىشىدىكى «بۇ ‹رەفىقۇت ـ تالىبىن›، ‹ئەنىسەت ـ تالىبىن›دىن ۋۇجۇدقا كەلدى» دېگەن ئۇچۇر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. 12 ـ بەتتىكى: «بۇ بەندەئى كەمىنە قەلىلۇتتائەت ۋە كەمبەزائەت ـ ئەبۇل مەنسۇر بى ئىستىتائەتدىن بۇ كىتاب ‹ئەنىسەت ـ تالىبىن›نىڭ ئىبارەتلىرى ۋە مەجمۇئى رىۋايەتلىرى تۈركىي ئەلفازدا رەۋشەن ۋە تۈركىي ئىبارەتتە مۇبەرھەن بولسۇن دەپ ...» دېگەن قۇرلار مەزكۇر ئەسەرنى ئەبۇل مەنسۇر ئىسىملىك كىشىنىڭ تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

مۆھتەرەم ئۇستاز مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 6 ـ سان ۋە 2012 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سانىدا «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نىڭ تۈركىي تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، پروفېسسور ئابدۇرەئۇف پولاتنىڭ ئاسپىرانتى نۇرىمانگۈل تۇرسۇن ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسىدە مەزكۇر قول يازمىنىڭ مورفولوگىيەسىنى تەتقىق قىلغان. ئەمما، نۇرىمانگۈل تۇرسۇن «كاتىپ» دېگەن سۆزنى «مۇئەللىپ، يازغۇچى» دەپ چۈشىنىپ قېلىپ، بۇ ئەسەرنى «بەشئېرىقلىق موللا ئەھمەد ئىبنى موللا مۇھەممەد سوپى ئىبنى قۇربان سوپى باي» دېگەن كىشى يازغان دەپ ھۆكۈم چىقارغان⑥.

مەن ساقلاۋاتقان «رەفىقۇت ـ تالىبىن» نىڭ 16 ـ بېتى

مەن «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نىڭ قاراقاشتا تەرجىمە قىلىنغان بىر نۇسخىسىنى ساقلاۋاتىمەن. بۇ نۇسخىنىڭ 16 ـ بېتىدىكى: «قويۇپ سۆزنى، مەنسۇر، مەقسەدغە يۈر، ئەمىر ئەمرىغە پۈت قەلەم ـ خامە سۈر. ئول ھەزرەت مەزكۇر بۇزرۇكۋار ۋە ئالى تەبار بۇ بەندەئى كەمىنە قەلىلۇتتائەت ۋە كەمبەزائەت ـ ئەبۇل مەنسۇر بى ئىستىتائەتدىن بۇ كىتاب ‹ئەنىسەت ـ تالىبىن›نىڭ ئىبارەتلىرى ۋە مەجمۇئى رىۋايەتلىرى تۈركىي ئەلفازدا رەۋشەن ۋە تۈركىي ئىبارەتتە مۇبەرھەن بولسۇن دەپ ئىلتىماس ئەيلەپ...» دېگەن قۇرلار، بۇ قول يازمىنى ئەبۇل مەنسۇر ئىسىملىك كىشىنىڭ تەرجىمە قىلغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. لېكىن، قولۇمدىكى نۇسخىنىڭ ئاخىرىدا كىتابنى كىم كۆچۈرۈپ، كىم ساقلىغانلىقى

ئۇلاۋە قىلىنمىغان. سانكىت ـ پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتقان B 771 ـ نومۇرلۇق نۇسخىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرى، يەنى 114 ـ بەتتىكى «تارىخقا مىڭ ئىككى يۈز يەتمىش بىردە ئاقسۇ ھېسابىدا قوي يىلى بەرائەت ئايىنىڭ بىرى[7] سەيشەنبە كۈنى تەمام بولدى. خەت ـ ۋاراقلار ئۈزرە مىڭ يىل قالۇر، كاتىبى بىچارە ھەيران زار تۇفراقغا بارۇر. بەش ئارىق موللا ئەھمەد ئىبنى موللا مۇھەممەد سۇفى ئىبنى قۇربان سۇفى باي» دېگەن قۇرلار مەزكۇر نۇسخىنى «بەشئېرىقلىق مۇللا ئەھمەد ئىبنى موللا مۇھەممەد سوپى ئىبنى قۇربان سوپى باي» نىڭ كۆچۈرگەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، قولۇمدىكى نۇسخىنىڭ ئەسلىي نۇسخا بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى زور.

بۇ قول يازمىنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى 1981 ـ يىلى قەشقەرلىك قادىر بۇلاق تەرىپىدىن تېپىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە تەقدىم قىلىنغان. ئاكادېمىيە كۇتۇپخانىسى 00679 ـ نومۇرلۇق قول يازما، دەپ ساقلىغان[8]. بۇ قول يازمىنى كۆپەيتىۋالغان سوگاۋارا جۇن، قول يازما no.002913 بىلەن ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئىچ مۇقاۋىغا «بەدىئۈز زەمان خانىنىڭ چىنگىزنامە كىتابى» دەپ مەتىن بىلەن ئوخشاشمايدىغان خەت ۋە سىياھ بىلەن ماۋزۇ قويۇلغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە ئەنگلىيەنىڭ Bodleian Library كۇتۇپخانىسىدا «تەزكىرەئى ئەزىزان»نىڭ بىر نۇسخىسى «چىنگىز نامەئى مەخدۇم ئەئزەم» دېگەن نام بىلەن ساقلىنىۋاتقانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. بۇ قول يازمىنى ھاجى نۇرھاجى نەشرگە تەييارلاپ[9]، نەشرگە بەرگەندىن كېيىنكى ئەھۋاللار ھەققىدە مۇھتەرەم ئۇستازلاردىن بىرسى مۇنداق ئۇچۇر بېرىدۇ: «كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ۋە باشقا ئىشلىرى ھەققىدە تونۇشلۇقۇم بار، چۈنكى مەن بۇ كىتابنىڭ كوررېكتورلۇقىنى بىرقانچە قېتىم قىلغانىدىم. شۇ يىللاردا بىرەيلەننىڭ، بۇ چىڭگىزخان ھەققىدىكى كىتاب ئىكەن دېيىشى بىلەن، ‹چىڭگىزنامە› دەپ ئاتىلىپ قالغان ۋە شۇ نامدا نەشر قىلىنغان. ئاپتورى مەسىلىسىگە كەلسەك، ‹بۇ كىتابەت رۇز سەيشەنبە كۈنى تەمام بولدى. راقىم موللا مىرسالىھ كاشغەرىي› دەپ يېزىلغان. مانا بۇنىڭدىن قارىغاندا، موللا مىر سالىھ كاشغەرىي بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى بولماستىن كۆچۈرگۈچى كاتىپتۇر. كىتابنىڭ ئەسلىي ئاپتورى نامەلۇم[10]». بارچە مەسىلە دەل مۇشۇ يەردىن چىققان. چۈنكى، كىلاسسىك ئەسەرلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان «راقىم» سۆزى «كۆچۈرگۈچى» دېگەن مەنىدە ئەمەس، بەلكى «يازغۇچى، يەنى تۈنجى قەلەم تەۋرەتكۈچى» دېگەن مەنىدە[11] بولۇپ، «كاتىپ» سۆزى «كۆچۈرگۈچى، يازغۇچى، يەنى قايتىلاپ كۆچۈرۈپ يازغۇچى»نى كۆرسىتىدۇ[12]. «راقىم» بىلەن «كاتىپ» كەلىمىسىنىڭ مەنىسى شۇنداق ئېنىق تۇرسا، يەنە «مېنىڭچە» دەپ تۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىش ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس. «راقىم» بىلەن «كاتىپ» كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشەنگەندە، ئاكىمۇشكىن تەھقىقلىگەندەك، ئاتالمىش «تارىخى كاشغەر»نىڭ مۇئەللىپى نامەلۇم، يەنى ئۇ كۆچۈرۈلگەن نۇسخا بولىدۇ. ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» ئەسلىي مۇئەللىپى «موللا مىر سالىھ كاشغەرىي» ئىسىملىك كىشى بولغان بىر قول يازما بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى، مۇھەممەد ئەئلەمنىڭ «ھازا تەزكىرەئى ھاجى پادشاھ ھەبىبۇللاھ ۋە راشىددىن خان غازى ۋە يەئقۇب بەگ» دېگەن قول يازمىسىنىڭ پارىژدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىغا «تائرىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئون بىرىنجى يىلىدا ماھى شەئبان ئەلمۇئەززەمنىڭ ئون سەككىزىدە، يەكشەنبە كۈندە تەسنىف قىلىندى. راقىمەئى مۇھەممەد ئەئلەم ساكىنى خوتەن» دېگەن ئىمزا بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ نۇسخا مۇئەللىپىنىڭ ئەسلىي قول يازمىسى، سانكىت ـ پېتېربۇرگ نۇسخىسىدا «راقىمەئى مۇھەممەد ئەئلەم» دېگەن ئىمزا بولمىغانلىقى ۋە ئارىدا بىر قۇر خەت كەملىكىگە ئاساسەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخا، دەپ ھۆكۈم قىلىنغان[13]. دېمەك، مەيلى ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» ياكى «تارىخى كاشغەر» بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى ئەسلىي ئەسەرنىڭ نامى ئەمەس. «راقىمەئى موللا مىر سالىھ كاشغەرىي» دەپ ئىمزا قويۇلغان نۇسخا ئەسلىي قول يازمىدۇر.

ئەلى غوپۇر ئەپەندى ئاتالمىش «تارىخى كاشغەر»نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئەسەرنىڭ ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» بىلەن ئوخشاشلىقى بايقالغاندىن كېيىن، ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» دەپ ئاتالغان نۇسخىنى كۆچۈرۈلگەن نۇسخا، «تارىخى كاشغەر» دەپ ئاتالغان نۇسخىنى بولسا ئەسلىي نۇسخا دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئەسەر نامىنى «تارىخى كاشغەر» دەپ ئاتاش توغرا[14]، دەپ قارىغان.

خۇلاسە كالام شۇكى، «ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە»نىڭ تېمىسىنى نوشىرۋان ياۋشېف قويغان بولسىمۇ، ئەسەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن مۇئەللىپى بەرھەق شاھ مەھمۇد چوراستۇر. شاھ مەھمۇد چوراس ئەسەرگە ئىسىم قويمىغاچقا، نەشرگە تەييارلىغانلارنىڭ بەش خىل ئىسىم قويۇشى كېلىپ چىققان. باشقا ھەرقانداق قاراشلارنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق. «ئەنىسەت ـ تالىبىن»نىڭ تۈركىي تەرجىمىسى «رەفىقۇت ـ تالىبىن»مۇ شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئەبۇ مەنسۇر مەن تەرجىمە قىلدىم، دەپ ئەسكەرتكەن تۇرسا، ئەمدى بىز تۇرۇپ سەن يازغان دەپ تۇرۇۋالساق بولماس.

ئاخىرىدا ئىمىر غىياسنىڭ مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن:

1. ئەنۋەر بايتۇر ئۈچۈر بەرگەن «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نىڭ ئۆزبېكىستاندا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى ھەققىدە تەپسىلىي مەنبە يوق. لېكىن، سانكىت ـ پېتىربۇرگدىكى «ئاسىيا خەلقلىرى قول يازمىلار فوندى»دا ساقلىنىۋاتقان «رەفىقۇت ـ تالىبىن» ئاشكارا مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىندى. بۇ نۇسخا دەل مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغان نۇسخا ھەم نۇرىمانگۈل تۇرسۇن پايدىلانغان نۇسخىدۇر. بۇ يەردە بىر شۈبھىلىنىشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ، ئەنۋەر بايتۇر «رەفىقۇت ـ تالىبىن»نىڭ ئۆزبېكىستان نۇسخىسى ھەققىدە ئىستاتا كۆرسىتىپ دەلىللىمىگىنىگە قارىغاندا، مەنبە تەمىنلەشتە خاتالاشقان بولۇشى ياكى سانكىت ـ پېتىربۇرگ نۇسخىسىنى ئۆزبېكىستاندا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى، دەپ خاتا ئۈچۈر بەرگەن بولۇشى ئېھتىماللىقى يېقىن. ئامانبېك جەلىلوف «يەكەن خانلىقى، دېگەن ماقالىسىدە، ئۆزبېكىستاندا ساقلىنىۋاتقان يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ھەممە قول يازمىلارنى ئىستاتا ئېلىپ كۆرسەتكەندە، شاھ مەھمۇد چوراسنى: «تارىخى رەشىدى زەيلى، (1672 ـ، 1676 ـ يىللىرى ئارىسىدا يېزىلغان)، «ئەنىسەت ـ تالىبىن» (1696) ناملىق ئەسەرلەرنىڭ يازغۇچىسى» دەپلا تونۇشتۇرۇپ[15]، بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئۆزبېكىستاندا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى يازمىغان. ئۇنىڭ بۇ نۇقتىدا ئۇيغۇرچە مەنبەلەردىن پايدىلانغانلىقى ئېنىق.

2. چوقان ۋەلىخانوف «ئالتەشەھەر» ئاتالغۇسىنى قوللىنىشتىن خېلى بۇرۇنلا پوپ يا. بىچۇرىن (西域見聞錄)نى روسچىغا تەرجىمە قىلىپ، «جوڭغارىيە ۋە ئالتەشەھەرنىڭ باياني» دېگەن نامدا نەشر قىلدۇرغان. شۋېت مىسسىيونېرلىرى 1914 ـ يىلى قەشقەردە نەشر قىلغان، بىرلا سان نەشر قىلىپ توختىتاقان تۇنجى ئۇيغۇرچە گېزىت «يارۇغلۇق ـ ئالتەشەھەرنىڭ روزنامەسى»[16]دىمۇ «ئالتەشەھەر» ئاتالغۇسىنى قوللانغان. ئۆزىمىزنىڭ يازما مەنبەلىرىدىمۇ «ئالتەشەھەر» ئاتالغۇسىنى قوللانغانلىق ھەققىدە دەلىللەر ساماندەك. ھېچ بولمىسا، موللا مۇسا سايرامىينىڭ «تارىخى ھەمىدىي» ناملىق ئەسىرىنىغۇ ئوقۇغان بولغىيدىڭىز؟! شۇڭا، نوشىرۋاننىڭ «ئالتەشەھەر» ئاتالغۇسىنى قوللىنىپ سالغان ۋە موللا مۇسا سايرامىينى تاۋاپ قىلمىغانلىقىدەك يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكى «گۇناھى»دىن ئۆتسىڭىز.

3. «ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى»نى نەشرگە تەييارلىغاندا، بەزى جوغراپىيەلىك ئاتالغۇلارنى بۈگۈنكى كۈنىمىزدە نەشرىياتچىلىق پرىنسىپ ۋە ئۆلچىمىمىزگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئاتالغۇلارنى ئۆزگەرتىپ مۇۋاپىق ئاتالغۇ بىلەن ئېلىشقا توغرا كەلگەن. بۇنى ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. تەھرىرلىكتە بەزى مەسىلىلەر ساقلانغانلىقىمۇ ھەقىقەت. ئەگەر ھەقىقەتەن سىلىشتۇرما ھۆججەتشۇناسلىققا ھېرىسمەن بولسىڭىز، كېيىنكىلەر كىيدۈرگەن قالپاقنى سېلىشتۇرماي، ئەسلىي

مەزمۇننى سېلىشتۇرسىڭىز توغرا جاۋابقا ئېرىشەلەيسىز.

4. قولىڭىزدا بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن مەزكۇر ئەسەر ئۈستىدە ئىشلىگەن ئىشەنچلىك تەتقىقات مەنبەسى يوق تۇرۇپ، ھەرقانداق مەسىلىگە ھۆكۈم قىلماڭ؛ بۇ ئەقىللىق ساۋات بولسۇن. تارىخىي ھۆججەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئىلىم ئەھلىگە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ. ئۈچىنچى قول ماتېرىياللارغا تايىنىپ، ئىسپاتسىز دىياگنوزغا ئالدىنىپ، ئىلىم ئەھلىگە بوھتان چاپلاش ئىلمىيلىك بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ماقالىلىرىگە ئىلمىي تەلەپنى يۇقىرى قويۇڭ؛ ئوپئوخشاش بىر مەزمۇندا ئالتە پارچە ماقالە يېزىپ يۈرگۈچە، كۆپرەك ئىزدىنىڭ.

ئىزاھلار:

①Шах Махмуд ибн мирза Фазил Чурас: Хроника, О.Ф. Акимушкин, М.Наука, Москва, 1976. （苏）О·Ф·阿基穆什金著:《(札剌思)编年史》俄文译注本序，陈国光译，新疆宗教研究资料，第十六辑，新疆维吾尔自治区社会科学院宗教研究所，1988.
②魏良弢:沙·马合木·楚剌斯《编年史》，民族研究，1987年，第1期。
③国家清史编纂委员会·文献丛刊:清代察合台文文献译注，第19–121页，新疆人民出版社，2013年版。
④ مەزكۇر كىتابتىكى ئاكىمۇشكىننىڭ تەتقىقاتىغا قاراڭ.
⑤刘迎胜，刘正寅:沙·马合木·楚剌思《寻求真理者之友》(节选)译注(上)，西北民族研究，1993年，第2期。
⑥努尔曼古丽·吐尔逊:19世纪文献《学徒知己(Enis–ul Talibin)》的形态研究，2013年5月，中央民族大学硕士学位论文。
⑦ مىلادىيە 1854 ـ يىلى29 ـ ئاپرېل كۈنى.
⑧ موللا مىر سالىھ كاشغەرىي: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.
⑨ ھاجى نۇرھاجىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىلار» دېگەن كىتابىدىكى تەرجىمىھالىدا «چىڭگىزنامە»نى مەت-تۇرسۇن باھاۋىدىن بىلەن بىرلىشىپ نەشرگە تەييارلىغانلىقى يېزىلغان. لېكىن، «چىڭگىزنامە»دە «مۇھەررىرى مۇ-ھەممەت تۇرسۇن» دەپلا يېزىلغان. بۇنى بىلگىلى بولمىدى.
⑩ غالىپ بارات: مەھمۇد كاشغەرىي ئىزىدىن، «كىرۋران» ژۇرنىلى، 2006 ـ يىللىق 6 ـ سان.
⑪王培文主编:新阿拉伯语–汉语词典，第773页，商务印书馆，2003年版。
⑫王培文主编:新阿拉伯语–汉语词典，第1728页，商务印书馆，2003年版。
⑬A. M. Мугинов,Описание уйгурских рукописей Института Народов Азии,с.45–48,АНСССР, Москва, 1962.HAMADA Masami: <L'Histoire de Hotan> de Muhammad A'lem, Un essai de traduction du text turc oriental, (ZINBUN, Vols 15(1979), 16(1980),18(1982). Kagaku Kenkyusyo.Kyoto University). 濱田正美:< 十九世紀ウイグル歴史文献序説>,『東方學報』,第五十五冊,1993.3,388頁.
⑭ ئەلى غوپۇر: «‹قەشقەر تارىخى›نىڭ باش ـ ئاخىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2008 ـ يىللىق 6 ـ سان.
⑮Prof. Dr. Amanbeck H. Djalılov: Yarkent Hanlığı (1465–1759) , TüRKLER, sayfa 667, Cild 8, Yeni Türkiye Yayınları, 2002, Ankara.
⑯YARRİNG, Gunnar Alfred: Prints from Kashghar, The Printing Offise of the Swedesh Mission in Eastan Turkistan, History and Production with an Attempt at a Bibliografhy, pp 15, 1991, Stockholm: Svensca Forskning sinstitutet İstanbul.

(ئاپتورى: خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىدا)

مۇھەممەت قاسىم، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم پالتۇ

تەرەققىيپەرۋەر زات تاشئاخۇن ئەزىزى ۋە ئۇنىڭ سودا، سانائەت كارخانىسى

ھەربىر دەۋردە شۇ دەۋرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدىغان، شۇ دەۋرگە قارىتا كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولغان ۋىجدانى ئويغاق، ۋەتەن - خەلقىنى سۆيىدىغان ئاز ساندىكى ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە يانغان مەشئەل بارا - بارا لاۋۇلداشقا باشلايدۇ، ئەنە شۇ مەشئەلنىڭ نۇرانە شولىسى ئەقىل كۆزلىرى كور بولغان تالاي كىشىلەرنى ئىستىقبال ئۇپۇقىغا يېتەكلەپ ماڭىدۇ. شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرسى تاشئاخۇن ئەزىزى ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى، تونۇلغان يازغۇچى، شائىر سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئاتىسى بولۇپ، ئۇ 1855 - يىلى ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ يېزىسى ۋاقۋاق كەنتىدىكى ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زات ئەزىزئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئىپتىدائىي بىلىمنى ئائىلىسىدە ئالغان، كېيىن ئاتۇشنىڭ مەشھەدتىكى كونا مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ كىچىكىدىنلا زېرەك، كۆرگەنلا نەرسىگە قىزىقىدىغان تىرىشچان، تەدبىرلىك بالا بولۇپ، ئوقۇش جەريانىدا پارس، ئەرەب، تۈرك تىل - يېزىقىنى پۇختا ئىگىلىگەنىنىڭ سىرتىدا، ئۆز دەۋرىنىڭ زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئوقۇمۇشلۇق زاتلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇنىڭ ئاسماندىن، يەردىن، دۇنيادىن، ھېسابتىن، تارىختىن بىلىمى مول ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق ئىلمىي سەۋىيەسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا دۇنيانىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئېھتىياجىنى، بۇ جەمئىيەتنىڭ دۇنيادىكى ئىلغار ئەللەر بىلەن بولغان پەرقىنىڭ ھەر جەھەتتىن ناھايىتى زورلۇقىنى سەگەكلىك بىلەن مۆلچەرلەپ ۋە تونۇپ يېتىپ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي پائالىيەت سەھنىسىگە ئاڭلىق ھالدا قەدەم قويغان. ئۇ تەرەققىيپەرۋەر كارخانىچىلارنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مۇسابايوپلاردىن كېيىنكى يەنە بىر نامايەندە خاراكتېرلىك شەخسلىرىدىن بىرسى ئىدى.

تاشئاخۇن ئەزىزىنىڭ قىران چاغلىرى
(1855 — 1928)

ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردە گەۋدىلىنىدۇ.

1. مائارىپچىلىق پائالىيىتى

19 - ئەسىرنىڭ باشلىرى تاشئاخۇن ئەزىزىنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىكى ۋە تەسىرى زورراقى مائارىپچىلىق پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز يۇرتى ۋاقۋاقتا قۇرغان

تاشئاخۇن 1894 ـ يىلى يۇرتى ۋاقۋاقتا قۇرغان مەكتەپنىڭ ھازىرقى يېڭىلانغان كۆرۈنۈشى

«تاشئاخۇن مەكتىپى» ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ نامايەندىسى، «ھۇسەينىيە» مەكتىپىدىن كېيىن شىنجاڭدا بارلىققا كەلگەن يەنە بىر نامايەندە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تاشئاخۇن ئەزىزنىڭ ئەڭ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان تەرىپى شۇكى، ئۇ ئۆزى شۇغۇللانغۇاتقان يېڭىچە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تارىخي ئەھمىيىتىنى، ئەينى چاغدىكى مۇشكۈللۈكىنىمۇ چۈشىنىپ يەتكەن. شۇڭا، ئۇ بىر مەزگىل سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئازايتىپ، مەخسۇس يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇشنى تەرغىب قىلىپ، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشقا قارشى چىققان، بۇزغۇنچىلىق قىلغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە، خۇراپاتلىققا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ يەنە ۋاقۋاقتىكى مەكتەپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، مەشھەدتىكى بازار ئىچىدە بىر سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ ئاچقان، ئەقلى خۇراپات داشقاللىرى بىلەن كۆمۈلۈپ قالغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بۇ سىنىپقا دەرس ئۆتىدىغان مۇئەللىمنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ قوغلىۋەتكەندە، تاشئاخۇن بۇ قارا كۈچلەرگە دەلمۇدەل تاقابىل تۇرۇپ، ئۆز ئوغلى سەيپىدىن ئەزىزنى شۇ مەكتەپتە مۇئەللىملىك قىلدۇرغان.

ئومۇمەن تاشئاخۇن ئەزىزى ئاشۇ زۇلمەت ۋە جاھالەت قاپلىغان كونا دۇنيادا نۇرغۇن چەكلىمىلەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلارغا ئاساسەن، تاشئاخۇن ئەزىزنىڭ تارىخي ئورنىنى مۇنداق بېكىتىشكە بولىدۇ.

تاشئاخۇن ئەزىزى ئىزدەنگۈچى، يېڭىلىق ياراتقۇچى، مىللەتنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلغۇچى تارىخي شەخس. شۇڭا، ئۇ تارىخ بېتىدىن مۇئەييەن ئورۇن ئېلىشقا ۋە خاتىرىلىنىشكە تېگىشلىك.

2. سودا ـ سانائەت پائالىيىتى

تاشئاخۇن ئەزىزى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئۇ تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر كارخانىچىلىرى مۇسابايۇپلاردىن كېيىنكى يەنە بىر تونۇلغان كارخانىچى شەخس ئىدى.

تاشئاخۇن ئەزىزنىڭ يەكەندە سەرەڭگە زاۋۇتى قۇرۇشى، قەشقەردە بىرقانچە جايدا سۇ چىغرىقى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان پاختا زاۋۇتى قۇرۇشى، ئاق ماتاغا گۈل بېسىشنى ئىجاد قىلىپ «شاھتاۋار» (تاۋارنىڭ شاھى) چىقارغانلىقى، قەشقەردە كۈمۈش پۇل (تەڭگە) چىقارغانلىقى، كاتتايلاق بىلەن قارا جۇل ئارىلىقىدا

دىكى 200 چاقىرىم كېلىدىغان قاقاسلىقتا زاۋۇت - فابرىكا قۇرۇپ، بىر سانائەت مەھەللىسى بەرپا قىلىشنى پىلانلىغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تاشئاخۇن ئەزىزىنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگۈچى، يېڭىلىق تاراتقۇچى تەرەققىيپەرۋەر زات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇ ئۆز دەۋرىدە ئېچكى سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغاندىن سىرت، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا، موسكۋا، پېتېربۇرگ، فىنلاندىيەلەرگە بېرىپ، ئۇ جايلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى، پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكا، مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز يۇرتىغا ئەكېلىپ تونۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، خەلقنى زامانىۋى پەن - مائارىپ بىلىملىرىنى ئىگىلەشكە يېتەكلىگەن ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ سودا - سانائەت پائالىيىتىنى راۋاجلاندۇرغان.



19 - ئەسىرنىڭ باشلىرى تاشئاخۇننىڭ كارخانىسىدا توقۇلغان ۋە گۈل بېسىلغان شاھتاۋارلار

3. تاشئاخۇننىڭ تاشقى سودا پائالىيىتى

تاشئاخۇن ئېچكى سودىدا روناق تېپىپ، خەلقئارا سودا بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئۇزاق ئۆتمەي خەلقئارا يەرمەنكىلەرگە تەكلىپ قىلىنغان.

تاشئاخۇن قايسى يەرمەنكىگە بارسۇن، يەرمەنكىگە سانائەت خام ئەشياسى (يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى)دىن باشقا، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەن، سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنىمۇ ئېلىپ بارغان. بۇ خىل ئەۋرىشكىلەر دەستىسى نەقىشلەنگەن پىچاق (ئۇيغۇر پىچىقى)، قەلەمتىراش، ئۇيغۇر چورۇقى (كۆن - خورۇمدىن تىكىلگەن ئاياغ)، نەقىشلەنگەن مىس چەينەك، ئاپتۇۋا، كاسا، مىس چىنە، مىس ئۇرۇق، قەلەي يالىتىلغان ئاق ئاپتۇۋا - چىلاپچا، يىپەك توقۇلما بۇيۇملاردىن ئاق چەكمەن شاھى (بۇ خىل شاھىنىڭ يىپى تولانغان، قېلىن ۋە چىدامىلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلار يەكتەك كىيىدۇ) ۋە پاختا يىپتا توقۇلغان چەكمەن - ماتا قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بولغان.

بۇ خىل ماللارنى ياۋروپاغا ئېلىپ بارغاندا ئۇلار ناھايىتى قىزىقىپ سېتىۋالغان. بولۇپمۇ نەقىشلەنگەن ئۇيغۇر پىچىقى، قەلەمتىراش، نەقىشلەنگەن ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا، مىس چىنە ـ چەينەك، گۈل بېسىلغان شاھتاۋار قاتارلىق بۇيۇملار كۆپلەپ سېتىلغان. 1922 ـ يىللارغا كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا موسكۋا بازارلىرىمۇ ئۇيغۇرلار ئىشلىگەن مىس ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى سېتىلىدىغان بازارغا ئايلانغان، رۇسىيەدە 1924 ـ يىلى بېسىلغان گېزىت توپلىمىدىكى بىر ماقالىدە «بۇنىڭدىن تەخمىنەن 400 يىل مۇقەددەم ئىۋان گىروزنى زامانىسىدا موسكۋادا سۇلتان سەئىدخان زامانىسىدا سەئىدىيە خانلىقىدىن ئىمپورت قىلىنغان ئاجايىپ نەقىشلىك مىس سەنئەت بۇيۇملىرى بازىرى بولغانىكەن، ئارىدىن 400 يىل ئۆتكەندە موسكۋا بازىرى يەنە بىر قېتىم قەشقەر ئۇيغۇر ئۇستىلىرىنىڭ مىس سەنئەت بۇيۇملىرى بازىرىدىن بولۇپ قالدى» دېيىلگەن. دېمەك، ئاشۇ يىللاردا تاشئاخۇن كارخانىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرىگە كۆپ ساندا مىس بۇيۇملىرىمۇ ئېكسپورت قىلغان.

تاشئاخۇن فىنلاندىيەدە بولغان مەزگىلدە فىنلاندىيە كارخانىسىدا ئىشلەنگەن رەختلەرنىڭ سۈپىتىنى ياقتۇرمايدۇ ـ دە، ئۇيغۇر چەكمەن، ماتا، ئاق شاھىنى كۆتۈرۈپ فىنلاندىيەدىكى بىر فابرىكىغا ئۇيغۇر چەكمەن ۋە شاھىدىن توقۇپ بېرىشنى زاكاز قىلماقچى بولىدۇ. (بۇ، يەرمەنكىگە قاتناشقان خەلقئارا سودىگەرلەرنىڭ فىنلاندىيەدىكى توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان كۈنى ئىكەن) فابرىكا ئىگىسى بۇ خىل ئىنى تار، پىششىق ۋە تولىمۇ سىپتا، سىلىق توقۇلغان رەختنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ ـ دە، رەختنىڭ قەيەردە توقۇلغانلىقىنى سورايدۇ. (دەل مۇشۇ چاغدا ئېكسكۇرسىيەچى خەلقئارا سودىگەرلەرمۇ بۇ رەختكە قىزىقىپ قولدىن ـ قولغا ئالىدۇ) تاشئاخۇن بۇ رەختنىڭ شىنجاڭدا توقۇلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. سورۇندىكىلەر ئۇ يەردە قانچە زاۋۇت بار؟ دەپ سورايدۇ. تاشئاخۇن ھەر بىر ئائىلىدە بىردىن بار، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ سۆزدىن ھەيران بولغان چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىر زاۋۇتتا قانچە ئادەم ئىشلەيدۇ؟ دەپ سورايدۇ. تاشئاخۇن ئۈچ كىشى ئىشلەيدۇ، دەيدۇ ۋە ئۇنىڭ بىرسى يىپ ئېگىرىدۇ، بىرسى توقۇيدۇ، بىرسى بويايدۇ، دەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى سورىغاندا، تاشئاخۇن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت تۇرمۇشى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرغاندىن سىرت، 80% ـــ 90% كىچە دېھقاننىڭ كۈندۈزى ئېتىزدا ئىشلەپ، ئاخشىمى ئېرى رەخت توقۇسا، خوتۇنى يىپ ئېگىرىدۇ، قىش كۈنى ئېرى پاختا چىقارسا (كېۋەزدىن چىگىت ئايرىسا)، خوتۇنى يىپ ئېگىرىدۇ. ھەرقانداق ئېغىر شارائىتتىمۇ ھەپتىدە بازارغا كىرىش ئۈچۈن توخۇ، تۇخۇم، ئوتۇن، ساماندىن باشقا، ئۆز ئائىلىسىدە توقۇلغان ماتا چەكمەندىن بىرقانچىدىن ئەكېلىپ سېتىپ، تۇرمۇش لازىملىقىنى سېتىۋالىدۇ، يۇرتىمىزدا ناھىيە ـ شەھەرلەردىن باشقا ھەركۈنى بىر ئورۇندا بولىدىغان چاربازارلارمۇ بار، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھەپتە، ئاي، يىل، ھەتتا ئۆمۈر بويى ماتا چەكمەن ئەكىرىدىغان توقۇمىچىلار ئەڭ ئاز دېگەندە پۈتۈن ئاھالىنىڭ 50% تىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلىدۇ. (كەسپىي كارخانا خاراكتېرىنى ئالغانلار بۇنىڭ سىرتىدا) بازارغا كىرگەن ماللار چاربازاردىن ناھىيەگە، ناھىيەدىن شەھەرگە ھەم شىنجاڭنىڭ جەنۇب، شىمالىغا، ئاندىن چەت ئەللەرگە ئاپىرىپ سېتىلىدۇ، دەپ ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تېخنىكا، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا تاشئاخۇن تونۇشتۇرغان ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ يەرلىك مەھسۇلات، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ئەھۋاللىرى يەرلىك ۋە دۆلەتلىك گېزىتلەردە ئېلان قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالىغا قىزىققان مۇخبىر، يازغۇچىلار، ئالىملار، ھەتتا دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى تاشئاخۇننى زىيارەت قىلىپ، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا كۆپ مەلۇماتلارغا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى دۆلەت سودا ـ سانائەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كې-

لىشى، يەرمەنكىلەردە مال زاكاز قىلىش ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىسى راۋاجلىنىدۇ.

4. تاشئاخۇننىڭ تەڭگە زاۋۇتى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭ ئىقتىسادىغا كۆرسەتكەن ئاكتىپ تەسىرى

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيا ۋەزىيىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. جۈملىدىن 1905 - يىلىدىكى رۇسىيە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى ۋە 1914 - يىلىدىكى 1 - دۇنيا ئۇرۇشى، 1917 - يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، جۇڭگودا يۈز بەرگەن بۈيۈك شىنخەي ئىنقىلابى، 1919 - يىلىدىكى 4 - ماي ياشلار ھەرىكىتى قاتارلىق دەۋر بۆلگۈچ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر تەسىرىدىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھالىتىمۇ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى چوڭ ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىدىن سىرتتا قالمىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ھالاكەتكە مەھكۇم بولغان چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ھەربىي زوراۋانلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە بۇلاڭ - تالاڭ، قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى، مەمۇرىي جەھەتتە سايلىقى ئۆلچەمگە توشمايدىغان يالغان كۈمۈش تەڭگە ۋە مىس پۇللارنى كۆپلەپ تارقىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش زاپىسىنى يىغىۋالدى. نەتىجىدە شىنجاڭ ئىقتىسادىدا پۇل پاخاللىقى يۈز بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىشەنمەيدىغان، سودا - سېتىقتا ئالتۇن - كۈمۈش ۋە چەت ئەل پۇلىنى ئاساس قىلىدىغان ياكى مالغا مال ئالماشتۇرۇلىدىغان ھالەت شەكىللەندى. بۇ چاغدا تاشئاخۇن قەشقەر ئامبىلى جۇدوتەي ۋە ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىننىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن مەبلەغنى ھۆكۈمەت 25%، تاشاخۇن 75% چىقىرىپ كۈمۈش پۇل قۇيۇش يولى بىلەن مال باھاسىنى، يەنى پۇل قىممىتىنى ساقلاپ، بازارنى تەڭشەپ پۇل پاخاللىقىنى تۈزەشكە كىرىشتى. توختام بويىچە ھۆكۈمەت نازارىتى ۋە ئامانلىق ئۈچۈن تەڭگە زاۋۇتىنى قەشقەر دوتەي يامۇلى (ۋالىي مەھكىمىسى)دا قۇرىدىغان، مەزكۇر كۈمۈش تەڭگىنىڭ سايلىق دەرىجىسىنى 97.99% كە بېكىتتى. تەڭگىنىڭ خام كۈمۈشىنى رۇسىيەدىن ئىمپورت قىلىپ، قەشقەر پۇل قۇيۇش كارخانىسىنىڭ مەسئۇلى، تېخنىك تاشئاخۇن (1891 — 1916 - يىلىغىچە قەشقەردە قۇرۇلغان پۇل قۇيۇش كارخانىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان. بۇ كارخانىدا 67 ئادەم ئىشلىگەن)نىڭ رەھبەرلىكىدە «زەربى قەشقەر» (قەشقەردە ئىشلەندى)دېگەن ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە خەتلىك تەڭگىلەر مىقدارى بويىچە تۈركۈملەپ قۇيۇلدى.

قەشقەر تەڭگىلىرى ئالتە چوڭ تۈر بويىچە 195 خىل شەكىلدە قۇيۇلغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدا ئۈرۈمچىدە ئۈچ چوڭ تۈر بويىچە 56 خىل، ئاقسۇدا بىر چوڭ تۈر بويىچە 13 خىل، گۇيجۇ ئۆلكىسىدە ئۈچ چوڭ تۈر بويىچە 78 خىل، جېجياڭ ئۆلكىسىدە ئىككى چوڭ تۈر بويىچە 19 خىل تەڭگە قۇيۇلۇپ تارقىتىلغان، يۇقىرىدىكى جايلاردا قۇيۇلۇپ تارقىتىلغان تەڭگە تۈرلىرى قەشقەردە قۇيۇلۇپ تارقىتىلغان تەڭگە تۈرلىرىدىن خېلىلا ئاز بولغان. (يۇقىرىدىكى سانلار جاڭ خۇيشېڭنىڭ 1982 - يىلى 10 - ئايدا تەيبېيدا نەشر قىلىنغان، «جۇڭگو پۇللىرى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى) قەشقەر تەڭگىلىرى تۈرى كۆپ بولۇش، شەكلى ھەر خىل بولۇش، گۈل نەقىشلىرى چىرايلىق بولۇش بىلەن مەشھۇر بولۇپلا قالماي، مۇشۇنداق كۆپ خىل تەڭگىنىڭ ئوبوروت قىلىنىشىدىن ئەينى چاغدا قەشقەردە تاۋار سودىسىنىڭ خېلىلا گۈللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تەڭگە زاۋۇتى ئىشقا چۈشۈپ ھەقىقەتەن خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، جۈملىدىن بۇ تەڭگە «تاشئاخۇن تەڭگىسى» دەپ ئاتىلىپ، قەشقەر، پۈتكۈل شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا بەزى ئەرەب ئەللىرىدىمۇ خەجلەندى.

تەڭگە قۇيۇلۇپ بىر يىلچە ئۆتكەندىن كېيىن، ئەنگلىيە، شىۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كونسۇل-

لىرى تاشئاخۇنغا شېرىك بولۇش تەلىپىنى قويۇش بىلەن، تاشئاخۇننى كۈمۈش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئوتتۇرىغا كىشى قويدى. تاشئاخۇن بۇ خىل تەلەپلەرنى بىر نەچچە قېتىم رەت قىلدى.

تەڭگە قويۇش داۋاملاشقانسېرى، تەڭگىنىڭ كۈمۈش ساپلىقى ئېشىپ، ئۇنىڭ بازاردىكى قىممىتى ئېشىش بىلەن بىر چاغدا، بۇ تەڭگىنىڭ بازاردىكى ئىناۋىتىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى. كۆپلىگەن كىشىلەر بازاردا پەقەت تاشئاخۇن تەڭگىسىگىلا مال ساتىدىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن تاشئاخۇن تەڭگىسىنىڭ ئابرۇيى ئۆستى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي:

ئىنسانغا كېلىدۇ، گاھىدا ئاپەت،
ئاپەتنىڭ كەينىدە بار يەنە ئاپەت.

دېگەندەك، تاشئاخۇنغا كەلگەن ئاپەتتىن ئاپەت پەيدا بولدى. قەشقەر بازىرىنى بىر كۈن ئىچىدىلا تاشئاخۇن تەڭگىسى قاپلاپ كەتتى.

تەڭگىنىڭ كۆپلەپ بازاردا ئېقىپ يۈرۈشى نەتىجىسىدە تەڭگە قىممىتىمۇ بىردىنلا تۆۋەنلىدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تەڭگىگە دىققەت قىلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە تاشئاخۇن تەڭگىسىنىڭ بازاردا ئېقىپ يۈرگەنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دېگۈدەك كۈمۈش ساپلىقى ئاران 75.80% كېلىدىغان تاشئاخۇن تەڭگە قېلىپىدا ئوغرىلىقچە قۇيۇلغان تەڭگە پۇل بولۇپ چىقتى. سودىدا يالغان تەڭگىگە ئىگە بولغان كۆپلىگەن سودىگەرلەر ھەتتا دېھقان ـ چارۋىچى، شەھەر كەمبەغەللىرىمۇ بۇ ئىشقا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىنغا ئەرز قىلدى. تاشئاخۇن كىشىلەرگە يالغان تەڭگىنى كۈمۈش ساپلىقى ئۆلچەملىك تەڭگىگە ئالماشتۇرۇپ بېرىپ، بۇنىڭدىن تارتقان زىياننى ئۇن ـ تىنسىز ئۈستىگە ئالدى.

قەشقەر دوتيىي، يەنى ھۆكۈمەت تەرەپ نازارەتچىسى بۇ ئىشنى تاشئاخۇننىڭ قىلمىغانلىقىنى، يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ قىلغانلىقىنى ئېيتىپ ھۆكۈمەتكە گۇۋاھلىق بەرگەن بولسىمۇ، بەزى قۇتراتقۇلارنىڭ پىكىرلىرى تۈپەيلىدىن، تاشئاخۇننىڭ ھۆكۈمەت 25% مەبلەغ چىقىرىپ شېرىك بولغانلىقىنى بۇيرۇملاپ، «دوتەي بىلەن تاشئاخۇننىڭ گېپى بىر» دەپ، ھۆكۈمەت جۇ دوتەينىڭ تاشئاخۇنغا بەرگەن ئىسپاتىنى رەت قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك:

تاشئاخۇنۇم تاش ئىكەن،
ئامبال بىلەن باش ئىكەن.

دېگەندەك قوشاقلار، مەسخىرىلەر يامان غەرەزلىك كىشىلەر تەرىپىدىن كەڭ تارقىتىلدى. كېيىنكى ۋاقىتتا تاشئاخۇن نامىدا قۇيۇلغان، تارقىتىلغان يالغان تەڭگە ئەنگلىيە بىلەن شۋېتسىيە سودا ئاخباراتچىلىرىنىڭ تاشئاخۇننىڭ تەڭگە زاۋۇتىدا پۇل قۇيىدىغان ئابدۇراخمان قارىي دېگەن زەرگەرنى سېتىۋېلىپ شۇنىڭ قولى ئارقىلىق قۇيدۇرغانلىقى ئاشكارىلانغان.

ئارىدىن يىگىرمە نەچچە يىللار ئۆتكەندە، بۇ ئىش زەرگەر ئابدۇراخمان قارىينىڭ ئۆزلۈكىدىن ئىقرار قىلىشى ئارقىلىق پاش بولىدۇ، بىراق بۇ چاغدا تاشئاخۇننىڭ ئىقتىسادى يالغان تەڭگە ۋەقەسى تۈپەيلىدىن ۋەيران بولىدۇ. تاشئاخۇن مەيلى زىيان تارتسۇن ياكى پايدا ئالسۇن، ئۇنىڭ تەڭگە قۇيۇش مەقسىتىنى پۇل تېپىش، باي بولۇش دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ شۇنداق ھالقىلىق پەيتتە پۇل قۇيۇش ئارقىلىق پۇل پاخاللىقىنى تۈگىتىپ، ئىقتىسادىي بوھراننى يوقىتىپ، ئۆز زېمىنى بەدىلىگە خەلق ئىقتىسادىغا كېپىللىك قىلىش

يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئەسلەپ ۋە ھۆرمەتلەپ كەلمەكتىمىز، بۇ تەڭگە ھەرقايسى ئەل مۇزېيلىرىدا ۋە يەرلىك خەلق ئامىسىنىڭ پولات ساندۇقىدا ساقلىنىپ، ئۈزۈك، تۈگمە ۋە ئەتىۋارلىق تارىخىي قىممەتلىك بۇيۇم قاتارىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئارىدىن بىر ئەسىر ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ساپلىقى ھەقىقىي ئۆلچەمگە توشقان تاشئاخۇن تەڭگىسىنىڭ (كۈمۈش پۇل) ھەر بىرىنىڭ قەشقەر ۋە ئەتراپىكى ھەرقايسى رايون بازارلىرىدا 300 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە سودا بولغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

1913 ـ يىلىدىن 1916 ـ يىلىغىچە تاشئاخۇن تەڭگە زاۋۇتىدا قۇيۇلغان «زەربى قەشقەر» تەڭگىلىرى

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:
جاڭ خۇيشېڭ: «جۇڭگو پۇللىرى»، تەيبېي، 1982 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى.
مۇھەممەت يۇسۇپ: «شىنجاڭ تارىخىدىكى پۇللار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى.
شېرىپ نىياز خوشتار: «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
دىلدار ئەزىز: «تاشئاخۇن ۋە ئۇنىڭ تۆھپىكار ئەۋلادلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(ئاپتورلاردىن مۇھەممەت قاسىم: مەكىت ناھىيەلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلار بىرلەشمىسىدە، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم پالتۇ: مەكىت ناھىيەلىك ئۆمۈر سۇغۇرتا شىركىتىدە)

مىركەرىم ئاسىم

ئەلجەبىرنىڭ تۇغۇلۇشى

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەھمەدجان ئابدۇرەھىم

1

— باغداد شەھىرىگە ساق - سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىڭىزدىن چەكسىز خۇرسەن بولدۇم. يەنە كۆرۈشىدىغان كۈنىمۇ بولىدىكەن - ھە؟! — دېدى ئۆي ئىگىسى — مەرۋلىك خالىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك پېشانىسى كەڭ مېھمان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ، — ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى مۇسا جانابلىرى قاچان قايتىپ كېلىدىكىن، دەپ يولىڭىزغا تەقەززا ئىدۇق، ئەلھەمدۇلىللا، يەنە دىدار كۆرۈشتۇق. مىڭ شۈكۈركى، ئاۋۋالقىدەك بەردەم ۋە تېتىك ئىكەنسىز.

كۆپتىن بېرى كۆرۈشمىگەن ئىككى دوست ھال - ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، كۆرپىدە ئولتۇرۇشتى. ئۇزۇن يەكتەكلىك، تەمبەل كەلگەن ئۆي خىزمەتچىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر ۋە ئىككى قاچا شەربەت كەلتۈردى. چاچ - ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان ئوتتۇرا ياشلىق ئۆي ئىگىسى خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي: «قېنى ئالايلى» دېگەندەك قىلىپ، تومۇرلىرى بۆرتۈپ چىققان قولى بىلەن داستىخاننى كۆرسەتتى.

— مەرۋدىكى دوست - يارانلارنى سېغىندىم، — دېدى يېشى ئوتتۇزدىن ئاشقان، قېلىن قاشلىق مېھمان ناندىن ئاغزىغا سېلىپ، بېھى شەربىتىدىن ئوتلىغاچ، — ئەھمەد ئەلفەرغانىي، ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللا، مۇسا ئىبنى شاكىر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ساق - سالامەت تۇرۇپتىمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا، ئامان - ئېسەن. سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە، سۆھبىتىڭىزگە مۇشەررەپ بولۇشقا ئىنتىزار ئىدۇق.

ئۇلار داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سۆھبەتلەشكەچ، خۇراساندا بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنى، باشلىرىدىن كەچكەن ۋەقەلەرنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئۆي ئىگىسى تىلىنىڭ ئۇچىدىكى گېپىنى ئېيتىش ئۈچۈن پەيت ساقلاپ تۇراتتى.

— كېچىكىپ كېلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ قانداقتۇر ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — خەلىپە ھەزرەتلىرىنىڭمۇ: «نېمە ئۈچۈن ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى مۇسا كېچىكتى؟ ئۇنى تېزلىك بىلەن ھۇزۇرۇمغا ئەۋەت دەپ مەكتۇپ يوللىغانىدىمغۇ؟» دېگەنلىكىنى ئىككى قېتىم ئاڭلىدىم. نېمە ھادىسە يۈز بەردى؟ باغداد شەھىرىگە قاراپ قەدەم ئالغۇڭىز كەلمىدىمۇيا؟

— بۇنىڭ سەۋەبىنى پەقەت سىزگىلا ئېيتالايمەن، — دېدى مېھمان ئويلىنىپراق، — مەئمۇن

خۇراسان قوشۇنى بىلەن باغدادنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۆز ئىنىسى ئەمىننى قەتل قىلدۇرغانلىقىنى، ئازەربەيجاندا قوزغالغان زەردۇشتلۇق قوزغىلىڭىنى شەپقەتسىزلەرچە باستۇرۇپ، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ يەرگە كېلىشكە كۆڭلۈم تارتمىدى. «ئاتەشپەرەسسەن» دەپ بىگۇناھ كىشىلەرنى بالىچاقىلىرى بىلەن قىرىپ تاشلاش زالىملىققۇ؟!

خالىد ئىبنى ئابدۇللا ئاقىرىشقا باشلىغان بېشىنى قاشلاپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، — دېدى ئۇ ئۆي ئىگىسى مېھماننىڭ چاقنىغان كۆزىگە قاراپ، «ئېيتىلغان سۆزنى، ئېتىلغان ئوقنى قايتۇرۇپ بولماس» دېگەن ماقال بار، خارابىگە ئايلانغان خارەزم قايتا ئاۋاتلىشىپ، قەددىنى رۇسلىۋالدى، بىلىم ئۇرۇقلىرى يەنە ئۆسۈپ چىقىشقا باشلىدى.

— يۇرتىمىزدا كونا مەدەنىيەت قورۇلىرى بار - دە، قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم يېنىپ تۇرغان مەرىپەت ئوچاقلىرىنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇندى. مەرىپەت ئوچاقلىرى بىدئەت ۋە خۇراپات كۈلى ئاستىدا قالغانىكەن.

— باركاللا، خەلىپە مەئمۇننىڭ سارىيىغا توپلانغان ئالىملار يەنە مەرىپەت گۈلشىنىگە ئوت قالاۋاتىدۇ، خارەزم يەنە ئالىملارنى يېتىشتۈرۈشكە باشلىدى. يېپىلىپ قالغان مەرىپەت دەرۋازىسى ئېچىلدى. كېلىڭ، ئۆتكەن كۈننى ئەسلەپ، بۈگۈننى زەھەرلىمەيلى، بار ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنايلى.

— راست، مەنمۇ شۇ مۇلاھىزە بىلەن يولغا چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم، — دېدى مېھمان قېلىن قاشلىرىنى يىمىرىپ.

— قەيەردە بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر خەلىپە ھەزرەتلىرى سىزنى تاپتۇرۇپ كېلەتتى. ۋەزىر ئەزەم ئەل - ئەفزەل ئىبنى سەھل جانابلىرىمۇ سىزنى تاقەتسىزلىكتە كۈتۈۋاتىدۇ.

— ھە، ئۇ زات مەرۋەدە ساراي ۋەزىرى بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە ماڭا خەيرخاھلىق قىلغان، كېچىلىرى مەندىن ھىندى ھېسابىنى ئۆگەنگەنىدى. دەل شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇ ماڭا بىر مەكتۇپ يوللاپ، دەرھال پايتەختكە يېتىپ كېلىشىمنى ئىلتىماس قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇدۇل كېلىپ ئۇ كىشىنىڭ ھۇزۇرىدا بولدۇم. كېچىكىپ كەلگەنلىكىمدىن نارازى ئىكەنلىكى ئەپتىدىن بىلىنىپ تۇرسىمۇ، سەزدۇرمەستىن مېنى ياخشى قوبۇل قىلىپ، ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتمەي ئالاھىدە ھويلا تېپىپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. ھازىرچە كارۋان سارايدا تۇرۇۋاتىمەن.

— مېنىڭكىگە كۆچۈپ كېلىڭ، سىز ئۈچۈن ئۆي تەييار.

— تەشەككۈر، سىزنى ئاۋارە قىلغۇم يوق. كارۋان ساراي ھۇجرىسىدا ئارام ئېلىپ، ئۆزۈمگە كېلىۋالاي.

ئۇلار خېلى بىر ۋاقىتقىچە گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەسلىدى.

مەئمۇننىڭ ئاتىسى خەلىپە ھارۇن رەشىد ئۆزىنىڭ ئىرانلىق ۋەزىرى جەئفەر ئىبنى يەھيانى ئەرزىمەس بىر باھانە بىلەن قەتل قىلدۇرغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا قارشى ئىران ۋە خۇراساندا نارازىلىق باشلىنىدۇ. ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە ئىسيانلار كۆتۈرۈلىدۇ. ھارۇن رەشىد ئۇلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىرانلىق چۆرىسىدىن بولغان تۇنجى ئوغلى مەئمۇننى مەرۋ شەھىرىگە — شەرقىي ۋىلايەتلەرنىڭ مەركىزىگە كاتتا ھوقۇقلار بىلەن ئەۋەتىدۇ. مەئمۇن ئىرانىيلارغا مەرتىۋىلەرنى بېرىپ، خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا يېتىشكەن ئالىملارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاشقا باشلايدۇ. خارەزملىك ياش ئالىم مۇھەممەد ئىبنى مۇسا ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شەرقىي ئافغانىستان، شىمالىي ھىندىستانغا بېرىپ، ئىلمى رىيازەت ۋە ئىلمى ئاسترونومىيەگە ئائىت بىر تالاي ئەسەرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ھارۇن رەشىد ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇ ئىككىنچى خوتۇنىدىن بولغان ئەمىننى

تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ئاتىسىنىڭ بۇ ئىشىدىن نارازى بولغان مەئمۇن چىشىنى چىشلەپ سەۋر قىلىپ تۇرىدۇ ھەمدە ئاستا ـ ئاستا تۈركىي خەلقلەردىن ئەسكەر تoپلاپ، پايتەخت باغدادنى بېسىۋېلىشقا تەييارلىنىدۇ.

مەئمۇنغا ئەگىشىپ دەجلە بويىغا كەلگەن خالىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى بايان قىلىۋاتقاندا، خارەزمىينىڭ كۆز ئالدىدا دەھشەتلىك مەنزىرىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈشكە باشلىدى. باغداد شەھىرى بوسۇغىسىدىكى قانلىق جەڭلەر، شەھەر قورغىنىغا شوتا قويۇپ چىقىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ «ئۇر ـ چاپ» دەپ تۋۋلاشلىرى، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن كۆتۈرۈلگەن ئىس ـ تۈتەكلەر، كۆكسىگە نەيزە سانجىلغان ئەسكەرلەرنىڭ ئىڭراشلىرى، ئاياللارنىڭ داد ـ پەريادلىرى...

ئاخىر، خەلىپە ئەمىن يېڭىلىپ شەھەردىن قاچتى. ئۇ تۇتۇلۇپ ئاكىسىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كېلىندى. ئۇچىسىغا يالتىراق پولات ساۋۇت، بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن ئاكا قىلىچىنىڭ دەستىسىنى چاڭگاللاپ تۇرۇپ، دەرھال ئۇكىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى...

مەئمۇن پامىر تاغلىرىدىن تارتىپ ئىسپانىيەگىچە بولغان ئۆلكىلەرگە ھۆكۈمدار بولۇپ، ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بىر قولى بىلەن ئۇ يەر ـ بۇ يەردە كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلارنى باستۇرسا، يەنە بىر قولى بىلەن ئەتراپىغا ئالىملارنى توپلاپ، ئىلىم ـ مەرىپەتكە كۆپلەپ مەبلەغ سەرپ قىلىشقا كىرىشتى.

بەيتۇل ـ ھېكمەت، يەنى دانىشمەنلەر ئۆيىنى تەشكىللەپ، ھىندى، يۇنان، سۇرىيان تىللىرىدا يېزىلغان كونا كىتابلارنى يىغدۇرۇشقا باشلىدى.

2

ــ ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد مۇساغا ئوخشاش بۈيۈك ئالىمنىڭ ئارىمىزغا كېلىپ قوشۇلۇشىدىن چەكسىز خۇرسەنمىز. مەرھەمەت قىلىپ بەيتۇل ـ ھېكمەتنىڭ ئاچقۇچىنى قولىغا ئالسا ۋە ھۇجرىلاردىكى كىتابلارنى تەرتىپكە سېلىشقا ياردەم بەرسە، ياش ئالىملار بىلەن ئىلىم ئاشنالىرى ئۇ كىشىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ھەر ئىلىمگە دائىر كىتابلارنى ئايرىم ھۇجرىلارغا جايلاشتۇرۇپ، رويخەتكە ئالسا... ــ دەپ گەپنى داۋام قىلدى تۆردە، پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان مەئمۇن.

شايى ئەتلەس چاپان، نېپىز ئاددىي چەكمەن كىيگەن، بېشىغا يۇمىلاق ئاق سەللە ئورىغان ئالىملار چوڭ ئۆيگە تام ياقىلىتىپ سېلىنغان كۆرپىلەردە قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۈستىدىكى زەردوز تونى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاق يۈزلۈك، رەڭگى پاكىز خەلىپىنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغان خارەزمىي ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇللاپ باش ئېگىپ قوياتتى.

ــ مەرۋ شەھىرىدىن ساندۇقلاردا كەلتۈرۈلگەن ھىندى تىلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تەرتىپى قالايمىقان ئىكەن، ئۇلاردىن ئەڭ مۇھىملىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىشنى ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد بىننى مۇسا جانابلىرىغا، ئاسترونومىيەگە ئائىت كىتابلارنى يۇنان تىلىدىن تەرجىمە قىلىشنى يەھيا بىننى مۇساغا تاپشۇرساق... ــ ياش خەلىپە ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سۆزلەرنى چۈشەنمەي، پېشانىلىرىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان ياش ئالىملارغا قاراپ:

ــ يۇنانىيلار ئىلمى پەلەكنى «ئاسترونومىيە» دەپ، ئىلمى نۇجۇمنى «ئاسترولوگىيە» دەيدۇ. ئاستر «يۇلتۇز» دېمەكتۇر، ــ دەپ قويىدى.

ئۇنىڭ دانىشمەنلىكىنى تەن ئالغان ئالىملار ئۈندىمەي باش ئېگىپ قويىدى.

ئۆزىدىن ئۈچ ياش كىچىك بولغان خەلىپە مەئمۇننىڭ بىلىمدانلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن خارەزمىي بولسا يەرگە قاراپ قويىدى.

* *

بەيتۇل ـ ھېكمەتنىڭ ئاچقۇچى قولىغا كىرگەندىن كېيىن، خارەزمىي ياش ئالىملار بىلەن بىللە ھىندىستان، ئىران، ئىسكەندەرىيەلەردىن كەلتۈرۈلگەن كىتابلارنى تەرتىپكە سېلىشقا باشلىدى.

ئۇ كەچقۇرۇن چارچىغان ھالدا ئۆيگە كېلەتتى ۋە غىزالىنىپ بولۇپ، ئازغىنا ئارام ئالغاندىن كېيىن تۈن نىسپىگىچە ئىشلەيتتى ـــ ھىندى تىلىدىكى كىتابلارنى مۇتالىئە قىلاتتى. ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدە بەيتۇل ـ ھېكمەتتىكى كىتابلار جاي ـ جايىنى تاپتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خاتىرجەم بولۇپ، ھىندى ھېسابى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.

ئۇ كۆڭلىدە: «ھىندىلار سانلارنى رەقەملەر بىلەن ئىپادىلەشنى كەشىپ قىلغان، ئەمما ‹1› سانىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ يەتمىگەن» دەپ ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشەتتى. ئۇ بەش شام قويۇلغان قەندىل يورۇقىدا ئولتۇرۇپ ئىشلەيتتى. «ئىككى دېگەن ئىككى دانە بىر، ئۈچ بولسا ئۈچ دانە بىر، تۆت ـــ ئۇ تۆت دانە بىر، ۋەھاكازا. ھىندىيلار قوللىنىدىغان توققۇزلۇق ساناق تەرتىپى بىلەن چوڭ سانلارنى قوشۇش، ئايرىش، كۆپەيتىش ۋە تەقسىم قىلىش ئەمرى مەھال...»

خارەزمىينىڭ خىزمىتىگە دائىم تەييار تۇرغان، ئۇنى ‹قاچان ئىش بۇيرۇيدىكىن› دەپ ئۇخلىماي كۈتىدىغان خىزمەتكارى غوجايىنىنىڭ تۈن نىسپىگىچە ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ قالىدىغانلىقىغا ھەيران قالاتتى ۋە: «نېمانچە ئۆز جېنىغا ئۆزى ئازاب بېرىدىغاندۇ؟ ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويمىغىيدى. كۈندۈزلىرى ئىشلىگىنى يەتمەسمىدى؟! پادىشاھ شۇنداقتىمۇ مائاش بېرىپ تۇرۇپتۇغۇ؟!» دەپ ئويلايتتى.

3

تېۋىرەك ئەتراپىدىن دېھقانلار، كوچمەنلەر كېلىپ بازار قىلىدىغان دەجلە دەرياسى بويىدىكى قىشلاق ئەبۇل ئاببااسنىڭ ئوغلى مەنسۇرنىڭ دەۋرىدە كاتتا شەھەرگە ئايلانغانىدى. (باغداد 762 ـ يىلى قۇرۇلغانىدى.) يۈزمىڭ قول ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئىشلەپ خەلىپە ئۈچۈن شاھانە ھۇجرا ۋە سارايلارنى، مۇلۇكدار ئەمەلدارلار ئۈچۈن ياخشى خىشلاردىن ئىمارەتلەرنى، سودىگەرلەر ئۈچۈن ماگىزىنلارنى قۇرۇپ، شەھەرنى ئىككى قەۋەت قورغان بىلەن ئىھاتە ئەتكەنىدى. كېيىن دەجلە ئۈستىگە كۆۋرۈك سېلىنىپ، سول قىرغىقىدا كاتتا بازار، ئۈستى يېپىق رەستىلەر بارلىققا كەلدى. خەلىپە مەئمۇن باش باھاردا باشلىنىدىغان تاشقىندىن كېيىن، دەجلە بويىدىكى بېغىغا چىقىپ ئىستىراھەت قىلاتتى.

شەھەرنىڭ شىمالىدىكى بۇ باغ قىش ـ ياز كۆپكۆك خورما، لىمون، شەمشاد ۋە سەرۋ دەرەخلىرى بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. باغچىلاردا نازلىنىپ يۈرگەن توزلار رەڭمۇرەڭ پەيلىرىنى يېيىپ گۈزەللىكىنى نامايان قىلاتتى، دەرەخ ئاستىدا ئوتلاپ يۈرگەن كېيىكلەر ناتونۇش ئادەمنى كۆرگەندە ئۈركۈپ، سايىسى قويۇق دەرەخلەر ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى.

يۇرت تەشۋىشى، ئۇلۇسنىڭ ماجىراسىدىن چارچىغان خەلىپە مەئمۇن دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان دەجلە

دەرياسىغا قاراپ، سازەندە ۋە ناخشىچىلارنىڭ غەزەلخانلىق قىلىشلىرىدىن ئۆزىگە كەلدى. لېكىن، يۇرت تەشۋىشى يۈرىكىنى مۇجۇشقا باشلىدى: «بابەك قوزغىلىڭى بارغانچە ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. باشقا قەبىلىلەرمۇ ئازەربەيلەردىن ئۆرنەك ئېلىپ قوزغىلىپ چىقارمۇ؟ بىزگە قاراشلىق مەملىكەتلەرگە پىتنە ئۇغرىسى كىرىۋاتامدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ يۈرىكى سىقىلىپ ۋە دەرھال چاپارمەن ئەۋەتىپ ۋەزىر ئەزەمنى ھوزۇرىغا چاقىرتتى.

— شەھەر تىنچمۇ؟ يۇرت ئاسايىشمۇ؟ نېمە يېڭىلىقلار بار؟ — دەپ سورىدى ئۇ ساراي بېغىغا تېزدىن يېتىپ كەلگەن ۋەزىر ئەلفەزلنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ.

— پايتەخت تىنچ، شەھەر ئاھالىسى دۇنيانىڭ ۋە سىزنىڭ ئۆمرىڭىزنى تىلەپ تۇرۇشۇپتۇ.

مەئمۇن «ئادەت تۇسىگە كىرىپ قالغان بۇ سۆزنى ئېيتىۋەرمەڭ» دېگەندەك قىلىپ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، قولىنى چايقاپ قويدى.

— يوقىرىغا چىقىپ يېنىمدا ئولتۇرۇڭ، ھېچنەرسىنى يوشۇرماي دۆلەتنىڭ تاشقى ۋە مۇداپىئە ئىشلىرىدىن مېنى خەۋەردار قىلىڭ.

چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق ئارىلىغان بولسىمۇ، تېتىك تۇرغان فەزل بىننى سەھل قەددىنى رۇسلاپ پەلەمپەيدىن دەريا بويىدىكى شىپائغا چىقتى ـ دە، ئۆزىدىن خېلىلا ياش خەلىپىنىڭ يېنىغا تىز چۆكتى.

— جانابلىرىغا تەۋە بولغان ھۆكۈمدارلار باج ـ خىراجنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ تۇرۇپتۇ، — دېدى ئۇ دېمىنى ئېلىپ، — ئەمما ئوترار شاھى ئىتائەت يىپىنى ئۈزۈپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتىن باش تارتىۋاتىدۇ.

— يەنى، باج ـ خىراج تاپشۇرغۇسى كەلمەيۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا چارىسىنى كۆرۈش كېرەك.

مەئمۇن ئاپپاق قولىنى كەڭ پېشانىسىگە تىرەپ ئويغا چۆمدى.

— ئەپسۇسكى، بىز ھازىر قوشۇن ئەۋەتەلمەيمىز، — دېدى ئۇ بىرئازدىن كېيىن ۋەزىرگە قاراپ، — ئەسكەرلىرىمىز ئازەربەيلەر ئىسيانىنى باستۇرۇش بىلەن ئاۋارە، ۋاقتىنچە مۇرەسسە قىلماي بولمايدۇ. ھۆكۈمدار دائىم قىلىچ ۋە قامچىنى ئىشقا سېلىۋەرمەيدۇ. بەزىدە ئىتائەتتىن باش تارتقان تەۋەلىكلەرنى ياخشىلىق بىلەن يولغا سېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. سىز ئوترار شاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «بىر يىللىق خىراج سىزنىڭ بولسۇن، كېيىنكى يىلدىن باشلاپ ۋەزىپىڭىزنى ئۆتىشىڭىزدىن ئۈمىدۋارمىز» دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ يوللاڭ. ئەگەر بىر يىلدىن كېيىن يەنە ئايىغىنى تىرەپ تۇرۇۋالسا، ئۇنىڭغا قارشى قارلۇقلار خانى يابغۇنى بۇيرۇيمىز. دۈشمەننى ئۇنىڭ يېقىنىنىڭ قولى بىلەن بىرتەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. خوش، يەنە قانداق يېڭىلىقلار بار؟

— تۈركلەردىن بولغان ئەفشىن ئازەربەيلەر بىلەن جەڭ قىلىپ مىڭ كىشىنى ئەسىر ئاپتۇ.

— ئاپىرىن، ئەفشىننى جەڭگى ـ جېدەلگە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. جەڭ بولغان كۈنلىرى ئۇنىڭغا ئون مىڭ دەرھەم، تىنچ كۈنلىرى ئىككى ھەسسە كېمەيتىپ مائاش بېرىپ تۇرماق زۆرۈر. ئەسىر ئېلىنغان ئاتەشپەرەسلەر بالىچاقىلىرى بىلەن قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلسۇن! پەرمانىمنى يېزىۋېلىڭ.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى! سىزنىڭ ئەمرىڭىزگە باش ئېگىپ، بۇيرۇقلىرىڭىزنى بېجىرىشكە تەييارمەن. سىزدەك ئۇلۇغ ۋە ئادالەتلىك خەلىپىگە خىزمەت قىلغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك سېزىمەن. ھىمايىڭىز ئاستىدا مەرىپەت كۈچلىرى جاھالەت ئۈلىغا ھۇجۇم قىلماقتا. ئىلىم ـ پەن راۋاج تاپماقتا.

ۋەزىرنىڭ خۇشامىتى خەلىپىگە ئانچە ياقمىغان بولسىمۇ، نېمىشقىكىن كۆڭلى بىرئاز ئارام تېپىپ قالدى.

خەلىپە خەلق قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇش توغرىسىدا گەپ قىلىشۋاتقاندا، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، مۇشتلىرىنى تۈگەتتى. ئالىملارنىڭ كەشپىياتلىرى ھەققىدە گەپ بولغاندا، چىرايى خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كېتەتتى. پۈرسەت تاپقاندا ئىلمى نۇجۇم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەلفەزل بۇ ھالنى كۆرۈپ: «مەئمۇن ناھايىتى مۇرەككەپ، بىر ـ بىرىگە زىت خىسلەتلەردىن تەركىب تاپقان ئادەم» دەپ ئويلىدى ـــ نۇر ۋە زۇلمەت، لاتاپەت ۋە كاساپەت تەڭ مەۋجۇت. شۇنى تەن ئېلىش كېرەككى، ئۇ ئالىملارغا ھامىيلىق قىلىپ، ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئالغان. پەقەت ئەخمەق ھۆكۈمدارلارلا ئىلىم ئەھلىگە نىسبەتەن ئادالەتسىز بولىدۇ.

شىپاڭ يېنىدا ئۆسكەن سەرۋ دەرەخلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتكەن پىكىرلەرنى سەزگەندەك باش چايقاپ، شىۋىرلىشىپ قوياتتى.

4

خارەزمىي ئون بىر تال شام قوندۇرۇلغان قەندىل يورۇقىدا خانتاختا (ئۈستەل) ئۈستىگە ئېگىلىپ ئولتۇرۇپ، بىر قىيىن ھېساب مەسىلىسىنى يېشىۋاتقاندا، بىراۋ دەرۋازىنى ئاستا تاقىلداتتى. خارەزمىي: «كىمدۇ شۇ بىمەھەل كەلگەن؟» دېگىنىچە قەلەمنى دەۋەت يېنىغا قويىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ خىزمەتكارى ئۆز ئۆيىدە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ئاستا ئىشىك يېنىغا كەلدى ـ دە:

ـــ كىم؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ مەن فىرۇز، مۇھەممەتكېرىم دەرۋازىۋەننىڭ ئوغلى.

ئەللامە كونا يۇرتدىشى مۇھەممەتكېرىمنى ياخشى تونۇيتتى. ئاۋازى تونۇش يىگىتنىڭ ياخشى كۆڭۈل بىلەن كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇدۇلدا تۇرغان يىگىتنى كۆردى.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ـــ يېرىم كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ ـــ دېدى سالامىنىمۇ ئىلىك ئېلىشنى ئۇنتۇغان ئۆي ئىگىسى.

ـــ پاشپاناھ ئىزدەپ كەلگەن. سىزدىن باشقا باشپاناھىمىز يوق... قۇتقۇزۇۋېلىڭ! ـــ يىگىت جىددىي قىياپەتتە سۆزلەيتتى.

ـــ ئۆيگە كىر.

ـــ مېنىڭ ھەمراھىممۇ بار ئىدى، ـــ دېدى ئۇ يېقىنراق يەردە تۇرغان بىرسىنىڭ قارىسىنى كۆرسىتىپ.

ـــ كىم ئۇ؟

ـــ پولاتبەگنىڭ قىزى... ياقۇتئاي...

ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىغان ئۆي ئىگىسى «ھە!» دەپ تاشلىدى.

ـــ ماقۇل، كىرىڭلار!

مېھمانخانىغا كىرىپ، يېپەك گىلەملەر ئۈستىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى ئالدىدىكى چەكمەن كىيىپ، يىگىتچە ياسىنىۋالغان ئاق يۈزلۈك قىزغا ھەيران بولۇپ قارىدى. ئۇ بىر ـ بىرىنى

سۆيگەن بۇ ئىككى ياشنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ماجىرالار ئۆتكەنلىكىنى، باشقا پاناھ جاي تاپالماي، قېچىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى.

ئەس ـ ھوشىنى يىغىۋالغان فىرۇز ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە مېھرىبانلىق بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جۈرئەتلىنىپ ۋەقەنى بايان قىلدى.

ئۇ پەرغانىلىك پولاتبەگنىڭ ئوغلى ھايات بىلەن تەڭتۇش بولۇپ، ئۇلارنىڭكىگە پات ـ پات كېلىپ تۇراتتى. ئۇلاردىن ئىككى ياش كىچىك بولغان ياقۇتئاي ئاكىسى ۋە ئۇنىڭ يېقىن دوستى فىرۇز بىلەن مېھماندارچىلىق ئوينايتتى، ئوقيا ئېتىشاتتى، چارچىغانلىرىدا ھويلىدىكى خورما دەرىخى ئاستىغا سېلىنغان شالچە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بىللە غىزالىناتتى. ياقۇتئاي قورقۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان قىز بولۇپ، بەزىدە ئۆزى بىلەن تەڭ ئوغۇللار بىلەنمۇ ئېلىشاتتى. ھەر نۆۋەتتە ئۇلاردىن ئۈستۈن چىقاتتى. ئاتىسى ئۇنىڭ جاسارەتلىكلىكىدىن مەغرۇرلىنىپ: «بۇ مەردلىك ئۇنىڭغا مەندىن ئۆتكەن، ئەسلى ئوغۇل بولۇپ تۇغۇلۇشى كېرەك ئىدىيۇ، ئادىشىپ قىز بولۇپ تۇغۇلغان» دەپ قوياتتى. فىرۇز بىلەن بۇ قىز ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق بارا ـ بارا باشقىچە تۇسكە كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار بىر ـ بىرلىرىنى كۆرگەندە خۇشاللىقتىن باشلىرى ئاسمانغا يەتكەندەك بولاتتى. ئاتىسى بولسا قىزىنىڭ ھۆسنى ئېچىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خورسەن بولۇش ئۈستىگە ۋەھىمىگە چۈشۈپ: «ئۇنىڭ تەرىپى سارايغا بېرىپ يەتمىگىيدى!» دەپ قورقاتتى. ئاشۇ ۋاقىتتا ھەرەمگە باغدادنىڭ ئەڭ چىرايلىق قىزلىرىنى كېنىزەك قىلىپ ئالاتتى.

پولاتبەگ كۆڭلىدە: «فىرۇزنىڭ ئەس ـ ھوشى جايىدا، كۈيئوغۇل بولسا شۇنداق بولسا، ئاتىسىمۇ ئۆزىگە پۇختا ئادەم، مائاشىمۇ كۆپ» دەپ ئويلايتتى.

كۆرۈنۈشتە مۇسۇلماندەك تۇرغان بۇ ئادەم ئەمەلىيەتتە ئاتەشپەرەس بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز ياخشىلىق خۇداسى ئارمۇزدتىن بالىچاقىسىغا بەخت ـ سائادەت تىلەيتتى. بەزىدە پەردە بىلەن يېپىپ قويۇلغان تەكچىنى ئېچىپ، ياغاچتىن ياسالغان، ئۈستىگە قىممەت باھا تاشلار قادالغان ھەيكەل ئالدىغا شام ياقاتتى. ئۇنىڭغا باش قويۇپ پىچىرلاپ دۇئا ئوقۇيتتى.

«ئەي، ئادەملەرگە مېھىر ـ شەپقەتلىك ياخشىلىق خۇداسى، بىز مۇساپىرلارنى بالا ـ قازادىن ئاسرىغىن! باللىرىمىزغا بەخت ئاتا قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ دۇئاسى دەرھال ئىجابەت بولمايتتى.

ياقۇتئاي ئون ئالتىگە تولۇپ ئون يەتتىگە قەدەم قويۇشى بىلەن ھۆسنى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ داۋرىقى سارايغىچە يەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ھەرەم بىكەسى كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، پولاتبەگ ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھنىڭ شەخسىي مۇلازىمى ھاجىپ ئۇنى دەرگاھىغا چاقىرتتى.

ــ ھاجىپ سىزنى نېمىگە چاقىرتىپتۇ؟ ــ دەپ سورىدى خوتۇنى ئۇ سارايدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن. قاپىقىدىن قار يېغىپ تۇرغان پولاتبەگ چەكمىنىنى قوزۇقىقا ئىلدى ـ دە، «ئۇھ» دەپ كۆرپىدە ئولتۇردى.

ــ ھەرەم بىكەسى ئۆيىمىزگە كېلىپ كەتكەندىن كېيىن نېمە بولماقچى، ــ دېدى ئۇ ئالدىغا قويۇلغان بىر پىيالە شەربەتنى ئىچىپ، ــ يېنىمغا ئولتۇر، گېپىمگە قۇلاق سال. مەن ھاجىپنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن: «بېشىڭغا بەخت قۇشى قوندى، پولاتبەگ، پادىشاھى ئالەم قىزىڭ ياقۇتئاينىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئەمىر لەشكەر ئەفشىن ئىبنى قارۇس جانابلىرىغا ئىنئام قىلماقچى بولدى. شۇنداق ئۇلۇغ ئادەمگە قېيىنئاتا بولۇپ، قويۇن ـ قونجۇڭ تىللاغا توشىدىغان بولدى» دېدى. مەن باش

ئېگىسى قويدۇم ـ دە، ئادەتتىكىدەك «پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ» دەپ قويدۇم. ئاڭلىشىمچە، ئەفشىننىڭ ئۈچ خوتۇنى بار ئىكەن، قىزىم شورلۇق ھەسەتتىن گۇتتەك يېنىپ تۇرغان ئۈچ كۈنداشنىڭ ئارىسىغا چۈشىدىغان بولدى. زەردۇشتىلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئەفشىنگە قىزىمنى بەرگەندىن ئۆلگىنىم ياخشى! يولدا كېلىۋېتىپ فىرۇز بىلەن قىزىمىزنىڭ بېشىنى بىر قىلىپ قويمىغىنىمغا ئېچىندىم. كېيىن ئويلاپ، ھېلىمۇ ۋاقتى ئۆتكىنى يوق دەپ، قايتا بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم. بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا پىرىمىز ئىگەمبەردىنى ئۆيىمىزگە چاقىرىپ، زەردۇشتىلار ئادىتىگە لايىق قىلىپ، مەبۇد ئالدىدا نىكاھ ئوقۇتىمىز.

كاتتا توي قىلىپ قىزىنى ئۇزاتماقچى، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرمەكچى بولغان ئانا تىز چۆكۈپ، قولى بىلەن يۈزىنى توسۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ھە، نېمە بولدى؟ نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپ ئالايدى ئەر غەزەپ بىلەن.

— ياق... ئۆزۈم... سىزمۇ تامدىن تارىشا چۈشكەندەك، ھېچ كۈتۈلمىگەن گەپنى قىلىپ مېنى ئېسەنگىرىتىپ قويدىڭىز.

ئىشىك ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ياقۇتئاي ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ قولاق سېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

ئەر ـ خوتۇن مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا فىرۇز كىرىپ كەلدى.

— پەرىشتىلەر ئېلىپ كەلدى سېنى، — دېدى ئۆي ئىگىسى سۆيۈنۈپ، — سېنىڭ گېپىڭنى قىلىپ تۇرغاندۇق. ئولتۇر، خەيرلىك بىر گەپ بار، — ئۇ خوتۇنىغا يۈزلىنىپ بۇيرۇدى، — سەن ئاشخانىغا يۈگۈر. ئاش پىشۇر، ئۆيدە گۆش بارمۇ؟

— ھە بار، بىر لېگەن ئاشقا يېتىدۇ.

گاھ قاپىقى تۈرۈلۈپ، گاھ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان خارەزمىي فىرۇزنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چەكسىز سۆيۈندى.

— پولاتبەگ جەسۇر ئادەم دەپ ئاڭلىغانىدىم، راست ئىكەن، مەرد ئادەمنىڭ ئىشىنى قىپتۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — سەن، فىرۇز، مېنىڭ ئوغلۇمسەن، ياقۇتئاي بولسا قىزىم، مانا جاي، مانا ئۆي، تارتىنماي مېنىڭكىدە تۇرۇۋېرىڭلار. ئاتىڭىزدىن ئەنسىرىمەڭ، ئەگەر ئۇ خەلىپىنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇپ قالسا، قۇتقۇزۇپ قېلىش قولۇمدىن كېلىدۇ.

خارەزمىي بىر ـ بىرىنى سۆيۈپ مۇرادىغا يەتكەن ئىككى ياشقا پاناھلىق بەرگىنىدىن مەمنۇن بولدى. ئۇ پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىدىن قۇرۇق قېلىشتىن قورقمايتتى؛ ياخشى ئىش قىلىشنى تەمەگەرلىكتىن ئۈستۈن قوياتتى. ھۆسنى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەن ئىككى ياشنىڭ يۈزىدىن يېغىۋاتقان نۇر قاراڭغۇ ئۆينى يورۇتقاندەك بولدى.

* *

— بىز ئەمىر لەشكەر ئەفشىن ھەيدەر ئىبنى قارۇسقا تەڭداشسىز بىر گۈزەلنى ئىنئام قىلىپ، ئۇنى خۇرسەن قىلماقچىدۇق، — دېدى سەككىز قىرلىق تەخت ئۈستىدە سۆلەت بىلەن ئولتۇرغان مەئمۇن ئالدىدا تىز چۆكۈپ ئولتۇرغان ۋەزىر ئەلفەزلگە قاراپ، — ئەمما قىزنىڭ دادىسى پولاتبەگ تەكلىپىمىزنى رەت قىلىپ، قىزنى بىر يىگىت بىلەن قاچۇرۇۋېتىپتۇ. بىز مىرشاپلارنى ئەۋەتىپ، ئۇنى ھەپسىگە

ئالدۇردۇق. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇيەدە ياغاچتىن ياسالغان بىر مەبۇد بار ئىكەن.

— ئاتەشپەرەس ئىكەن ـ دە، شۇڭا قىزىنى ئاتەشپەرەسلەرنىڭ دۈشمىنى ئەفشىنگە بېرىشنى خالىمىغاندۇر، — دېدى ئەلفەزل.

— شۇنداق. سىزنىڭچە، پولاتبەگ ياش كۈيۈئوغۇل بىلەن قىزىنى قەيەرگە يوشۇرغاندۇ؟

— فەرغانىلىك دوستلىرىدىن بىرەرسى كۈيۈئوغۇل بىلەن قىزغا پاناھلىق بەرگەندۇ.

— تاپالمىدىڭىز، — دەپ كۈلدى مەئمۇن، — ئۇلار ئەلخارەزمىينىڭ ئۇيىدە بېكىنىپ ياتقانىكەن، مۇھەممەد ئىبنى مۇسا كېچىلەپ كېلىپ، ئۆزى ئېيتتى. ئۇ پولاتبەگنى زىنداندىن چىقىرىپ، ياشلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلىدى. مەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، خۇرسەن قىلىپ قويدۇم.

— ئالىيجانابلىق قىپسىز، — دېدى ئەلفەزل مەمنۇن بولغانلىقىنى يوشۇرالماي. كېيىن ئۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، — فەرغانە ۋە خارەزمدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر ئارىسىدا مەجۇسىيلار كۆپ، ئۇلار مەسچىتكە چىقىپ ناماز ئوقۇپ تۇرسىمۇ، ئۆيلىرىدە ئالتۇن مەبۇدلارغا تېۋىنىدۇ.

— بىز مەجۇسىيلىكنى بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرىۋەرسەك، ئۇلار شەماسىيە تۆپىلىكىدە ئاتەشكەدە قۇرۇپ، ئۇنى مۇغتۆپىگە ئايلاندۇرىدۇ.

ئەلفەزل بىر ۋاقىتلاردا خارەزمدە زەردۇشتىلارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تۆت بۇرجەكلىك ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستى يېپىق بىنا، بەش پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشۈلىدىغان ئاتەشكەدە، ئوتتۇرىدا يېنىپ تۇرىدىغان ئوتقا خۇشبۇي گىياھلارنى تاشلاپ دۇئا ئوقۇيدىغان ئاپپاق ساقاللىق پىرى مۇغان كېلىپ... سەسكىنىپ كەتتى.

— راست ئېيتىسىز، زەردۇشتىلار دىنىغا زەربە بەرمەك كېرەك. ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى تۈركىي خەلقلەر ئەرەبلەرنى يامان كۆرىدۇ. بەزى كوچا ـ كويلاردا توقۇنۇشلار بولۇپ تۇرىدۇ.

— ھەممىسىدىن خەۋىرىم بار، — دېدى مەئمۇن قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئەمما تۈركىي خەلقلەر بىزنىڭ تايانچىمىز. چاتاقچى ئەرەبلەر ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرسە، ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن تەرتىپ ئورنىتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مەسىلىدە ئېھتىياتچان بولمىقىمىز زۆرۈردۇر. «ئەگەر ئەلخارەزمىي يۇرتداشلىرىغا پەند ـ نەسىھەت قىلىپ، ئەرەبلەر بىلەن تىركىشىپ تۇرۇشنىڭ ئاخىر يامان ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرغان بولسا ياخشى بولاتتى».

ئۇ ۋەزىرىنىڭ يۈزىدە نارازىلىق ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۆز پىكرىدىن قايتتى:

— بۇ ئىشقا ئۇلۇغ ئەللامەنى ئارىلاشتۇرمىغىنىمىز ياخشى. ھازىر ئۇ زات ھىندى ھېسابىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن باش قاتۇرماقتا. بۇ ئىشنى ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلايلى.

مەئمۇن مەخپىي ئىشلار بويىچە ۋەزىرى مۇھەممەد بىننى يەھياغا بۇ ھەقتە تاپشۇرما بېرىپ، پايتەختتىكى مەجۇسىيلارنى رويخەتكە ئېلىپ، ئۇلارغا قارشى تېزدىن چارە كۆرۈش كېرەكلىكىنى كۆڭلىگە پۈكتى.

5

بەيتۇل ـ ھېكمەتتە ئەلخارەزمىينىڭ «ھېسابۇل ـ ھىند» دېگەن ئەسىرى مۇلاھىزىگە قويۇلدى. ئالىملار قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇچى يەر ئۆلچىگۈچىلەر، مۇفتىيلار، ئۆلىمالارمۇ بۇ مەجلىسكە

چاقىرىلغانىدى.

ئاق شايى كۆڭلەك ئۈستىگە ئۇزۇن يەكتەك چاپان كىيگەن، تەقىيەسى ئۈستىدىن ئاق سەللە ئورىغان مۇھەممەد ئىبنى مۇسا چوڭ ۋە ئۇزۇنچاق ئۈينەك ئىچىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئالىملارغا ئۆز ئەسىرىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇۋاتاتتى:

— ئىلگىرىكى ئەرەبلەر ۋە ئۇلارغا تەۋە بولغان مەملىكەتلەردىكى خەلقلەر ھېساب ئەمەللىرىنى سان بىلەن ئەمەس، خەتچە يېزىلىشى بىلەن بىجىرەتتى، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى ئۇ، — ھىندىلار بولسا ھەر بىر ساننى ئالاھىدە رەقەملەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مانا كۆرۈڭ، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تامغا تىرەپ قويۇلغان ئۇزۇن قارا تاختىغا بىردىن توققۇزغىچە سانلارنى يېزىپ كۆرسەتتى:

— مانا بۇ بىر، بۇ ئىككى، بۇ ئۈچ ۋەھاكازا. بىز بۇ رەقەملەرنى بەزىبىر ئىسلاھاتلار بىلەن قوبۇل قىلىپ، ھېساب ئەمەللىرىمىزنى شۇ رەقەملەر ياردىمى بىلەن ئىشلىشىمىز كېرەك، — ئۇ بىر - بىرى بىلەن شىۋىرلىشىپ گەپلىشىۋاتقان شەيخۇل - ئىسلام بىلەن قازىيۇل - قۇززات ھەزرەتلىرىگە تىكىلىپ قاراپ تۇردى - دە، ئۇلار گەپتىن توختىغاندىن كېيىن ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ھىندىلاردا توققۇزلۇق ساناق تەرتىپى ئومۇملاشقان بولۇپ، «1» رەقىمىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىگەندى. مېنىڭ ھىندى ھېسابىغا كىرگۈزگەن يېڭىلىقىم شۇكى، «1» رەقىمى يېنىغا بىر ھالقا، يەنى بىر نۆلنى قوشۇپ «ئون» دەپ ئوقۇدۇم، — دېدى ۋە تاختىغا «10»نى يېزىپ كۆرسەتتى، — ئونلۇق ساناق تەرتىپى بىلەن چوڭ سانلارنى جەم قىلىش (قوشۇش) ۋە تەرخ قىلىش (ئېلىش)، زەرب (كۆپەيتىش) ۋە تەقسىم قىلىش (بۆلۈش) ئاسان، — ئۇ تاختىغا تۆت خانىلىق سانلارنى يېزىپ ئۇلارنى بىر - بىرىگە كۆپەيتىپ كۆرسەتتى. (ياۋروپادا «ئەلگارىسىم» ،ئەلخارەزم، دېگەن سۆز ئونلۇق ساناق سىستېمىسىنىڭ سىنونىمى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ).

ئالىملارنىڭ بەزىلىرى ھاياجانلىنىپ، ئۆزلىرىنى تۇتالماي «ئاپىرىن» دەپ توۋلاشتى. خەلىپىنىڭ سول يېنىدا ئولتۇرغان ۋەزىر ئەلفەزل ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بۇ ئۇلۇغ كەشپىيات! — دېدى ئۇ، — ئەبۇ ئابدۇللا ئەلخارەزمي جانابلىرى ئىشكىلىرى تاقاق ئىلمى رىيازەت ئىلمىنىڭ ئاچقۇچىنى قولىمىزغا تۇتقۇزدى. ھېچبىر ئەرەب ئالىمى ھەل قىلمىغان مۇئەممالارنى يېشىپ، بىزنى ھىندى رەقەملىرى بىلەن تونۇشتۇردى. ئەمدى بۇلارنى ئەرەب رەقەملىرى دەپ ئاتايمىز، — دېدى ئۇ قارا تاختىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

— ھىندىلار، — دەپ گەپ باشلىدى ئاپپاق ساقاللىرى كۆكسىگە چۈشكەن شەيخۇل - ئىسلام، — ئاڭلىشىمچە، ھىندىلار ھەندەسىي (گېئومېتىرىك) شەكىللەر ۋە رەقەملەر بىلەن پال ئاچىدىكەن. بەس، شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىز قانداق قىلىپ ھىندىلارنىڭ رەقەملىرىنى قوبۇل قىلىمىز؟ ئەلخارەزمي جانابلىرى بىزنى ھىندى خەلقى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بىزگە سىڭدۈرمەكچى. ئاڭلىشىمچە، بۇ كىشىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئاتەشپەرەس مەجۇسىي ئىكەن.

— راست، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى ماش گۈرۈچ ساقاللىق ئىككى يۈزى قىپقىزىل قازىيۇل - قۇززات، — شۇنى ئېيتىپ ئۆتەيكى، ھىندىلار بىز ئەرەبلەرگە ئوخشاش ئوڭدىن سولغا قاراپ ئەمەس، بەلكى سولدىن ئوڭغا قاراپ يازىدۇ. ھېساب ئىلمى ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. مەسىلەن، بىر سانى «ئاتە»، ئىككى سانى «ئىككى كىز»، ئۈچ سانى «ئەگنى» دېگەن خۇدالىرىنىڭ سىمۋولىدۇر ۋە ھاكازالار. بىز قانداقمۇ بۇ بىدئەتچى خەلقنىڭ رەقەملىرىنى ئەرەب رەقەملىرى دەپ ئاتايمىز؟ ھىندىلار سېھىرگەر خەلق. ئۇلار چاچلىرىنى چۈشۈرمەي، تىرناقلىرىنى

ئالدۇرماي يۇرىدۇ. كالا گۆشىنى يېمەيدۇ. ئەمما كالىنىڭ يېڭى تېرىكىنى بەدەنلىرىگە سۈرتىدۇ. رەقەملىرىنى ئۆزۈن قارا تاختىغا ئاق كېسەك بىلەن يازىدۇ، — دېدى تامغا تىرەپ قويۇلغان تاختىنى ئىشارەت قىلىپ.

ئەلخارەزمىي چىشلىرىنى چىشلەپ، قېلىن قاشلىرىنى يىمىرىپ ئولتۇرۇپ كۆڭلىدە: «قازىيۇل ـ قۇززات ھىندى جازانىخورلىرى بىلەن ئېلىم ـ بېرىم قىلىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، راست ئىكەن ـ دە، بولمىسا ھىندى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قەيەردىن بىلىدۇ. بۇ مۇتەئەسسىپ موللىلاردىن ھەر بالالار كېلىشى مۇمكىن. ئەمما، ماڭا خەلىپىنىڭ خەيرخاھلىقى ئەپتىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. كەشپىياتىم توغرىسىدا ئەنسىرىمىسەممۇ بولار» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان تەخت ئۈستىدە پېتىنى بوزماي ئولتۇرغان مەئمۇن ئۆلىمالارنى بۇ سورۇنغا چاقىرغانلىقىدىن ئۆكۈندى. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېھتىياتچان بولۇش، ئالىملارنى كۆپرەك مۇھاپىزەت قىلىش كېرەكلىكىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. شەھەرنىڭ قازىيۇل ـ قۇززاتىدىن كېيىن سۆزگە چىققان خالىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ سۆزلىرىگە خەيرخاھلىق نەزىرى بىلەن قۇلاق سېلىشقا باشلىدى:

— ئىلىم ئېلىش مۇسۇلمان ئەر ۋە ئايال ئۈچۈن پەرز ھەم قەرزدۇر، — دېدى مەرۋىلىك پېشقەدەم ئالىم تىترىگەن ئاۋازى بىلەن، — بۇنى دائىم يادىمىزدا تۇتۇشىمىز كېرەك. مۇقەددەس ھەدىستە «ئىلىمنى چىن ماچىنغا بېرىپ بولسىمۇ ئۆگەن» دېيىلگەن. ھالبۇكى، چىنلىقلارنىڭ يەيدىغانلىرىمۇ ھىندىلارنىڭكىگە ئوخشاشقۇ؟

قازىيۇل ـ قۇززات ئۆزىنى تۇتالماي: «ئۇلار كالىنىڭ تېرىكىنى بەدىنىگە سۈرتمەيدۇ» دېمەكچى ئىدى ـ يۇ، قاپاقلىرىنى سېلىپ ئولتۇرغان ئالىملارغا قاراپ، تىلىنى سەل يىغىۋالدى، — چىنلىقلار... چىنلىقلار ھەندەسىي شەكىللەر ۋە سانلار بىلەن پال ئاچمايدۇ...

— ھەر بىر خەلقتە يارىماس ئادەتلەر بار، بىدئەت خۇراپاتلار بار، ئەمما شۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئىلغار پىكىرلىك زاتلار ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئىلىم ـ مەرىپەت مەۋجۇت. بىز ئۇلار يېتىشتۈرگەن مەرىپەت گۈلىستانىدىن ئىلىم ئۇرۇقلىرىنى تېرىۋېلىپ ئۆستۈرۈشىمىز لازىم، — خەلىپە ئۆزۈن سوزۇلۇپ كەتكەن تالاش ـ تارتىشتىن يەكۈن چىقارماقچى بولدى. ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى ئىلىم ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ قورقمايدىغان پېشقەدەم ئالىملار ۋە زەبەردەس ئۆلىمالارنىڭ قورقماي ھەقىقەتنى قوغدىشىنى ھىمايە قىلاتتى.

— «ھەقىقەت مۇنازىرە ئارقىلىق ئېچىلىدۇ» دېگەن گەپ بار، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ، — ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلىدۇق. ئەبۇ ئابدۇللا خارەزمىينىڭ كىتابى ۋە كەشپىياتلىرى ھەققىدە يەنە كۆپ مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزىمىز. ئەمما، بىز ھەر ئىشىمىزدا مۇقەددەس ھەدىسنىڭ يولىدا مېڭىپ، ھەر بىر ئىلغار خەلقنىڭ ئىلىم ـ پەننى ئۆگىنىشىمىز، بىلىم ئۇرۇقلىرىنى بىدئەت، خۇراپات پاتقاقلىرىدىن تازىلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مېڭىسىگە ئورنىتىشىمىز لازىم...

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنازىرىگە چىقىپ ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلغان ئالىم ـ ئۆلىمالارغا تەشەككۈرىنى بىلدۈردى ـ دە، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر مەجلىس كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ سۆزىنى تامام قىلدى.

6

— ئاجايىپ لايىھە، — دېدى ئەلخارەزمىي تۆت بۇرجەك قەغەزدىكى شەكىللەرنى دىققەت بىلەن

كۆزىتىپ، — رەسەتخانىنىڭ چوڭلۇقى بەتلىمۇسنىڭ «ئەل - مەجىستىي»سىدە كۆرسىتىلگەن ھەجىمدە: ئۈچ قەۋەتلىك يۇمىلاق شەكىلدە، ئۈچىنچى قەۋەت ئۈستىدە قۇياش سائىتى ۋە باشقا ئەسۋابلار ئۈچۈن ئورۇن ئاجرىتىلىپتۇ.

— لايىھەنى ئۇستاز خالىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك بىللە تۈزگەندۇق. سىزگە ياققانلىقىدىن چەكسىز مەمنۇنمەن، — دېدى خۇرسەنلىكىدىن قىيىق كۆزلىرى قىسىلىپ كەتكەن ئەھمەد ئەلفەرغانىي.

— شۇنداق بولغاچقا، بۇنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تاپالماي قالدىم ئەمەسمۇ. لېكىن، ئۆزىڭىز ئىسكەندىرىيەگە بېرىپ، بەتلىمۇس رەسەتخانىسىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن بىر كۆرۈپ كەلسىڭىز، لايىھەنىڭ نۇقسانلىرىغا قايتا تۈزىتىش كىرگۈزسىڭىز... ئەگەر مۇسا بىننى شاكىرنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا سەپەر قىلسىڭىز، كۆڭلى - كۆكسىڭىز ئېچىلاتتى، پايدىلىق مەلۇماتلارغىمۇ ئېرىشەتتىڭىز.

— راست، ئۇلۇغ يۇنان ئالىمى ياشىغان شەھەرنى، رەسەتخانىسىنى كۆرۈش كىشىگە ئىلھام بېغىشلايدۇ. قېنى بېرىشنى نېسىپ قىلار.

— مەن ئەتە ۋەزىر ئەزەم بىلەن سۆزلىشىپ، سىلەرگە كېرەكلىك خىراجەتنى ھەل قىلىپ بېرىمەن. ئۇ كىشى ۋە خەلىپە ھەر ئىككىسى بۇ ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن دىرھەم - دىنارلىرىنى ئايىماس.

مەئمۇن باغدادنىڭ يېقىن جايىدا، شەھەر چاڭ - توزانلىرى ۋە ئىس - تۈتەكلىرىدىن يىراق بولغان «شەماسىيە» تۆپىلىكىگە رەسەتخانا قۇرۇش ئويىدا ئىدى. ئالىملار، مېمارلار خەلىپىنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشقا چۈشكەن، ئۇستىلار تۆپىلىك ئۈستىدىكى يەرلەرنى تۈزلەش بىلەن بەند ئىدى.

ئەھمەد ئەلفەرغانىي ياش ئىككى ئالىم بىلەن ئالېكساندىرىيە شەھىرىگە بېرىپ، رەسەتخانىنىڭ ھەر بىر بۆلىكىنى، يەر ئاستى قىسىملىرىدىن تارتىپ كۆرۈپ، لايىھەنى تامامىغا يەتكۈزدى. ئىلىم - پەن ئەھلى ئۇلاردىن ناھايىتى خۇرسەن بولدى. ئۆلىمالار بولسا ئىسلام ئەقىدىلىرىگە نىسبەتەن قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ تەسىرى كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى.

* *

— شەرىئەت ئاياغ ئاستى بولماقتا، بەيتۇل - ھېكمەتتە كۈچىيىۋاتقان جادۇگەرلەر دىنغا خىلاپ ئەقىدىلەرنى، قەدىمكى مەجۇسىي ئالىملارنىڭ مەسىلەكلىرىنى تەرغىب قىلماقتا، — دېدى بىر كۆزى يۇمۇلۇپ قالغان، ئاپپاق ساقاللىق شەيخۇل - ئىسلام ئۆي ئىگىسىگە قىيسىيىپ قاراپ. ئۇ باغداد شەھىرىنىڭ قازىيۇل - قۇززاتىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەنىدى، — بۇ بالايىئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەسمىكىن؟

— ياق، — دېدى چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان ساھىبخانا، — سۇ بېشىدىن لاي، خەلىپىنىڭ ئۆزى بۇ شەككاك (خۇداغا شەك كەلتۈرىدىغان) ئادەملەرگە باش بولۇپ شەرىئەت بۇلىقىنى لېيىتماقتا. قەدىمكى يۇنان ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدۇرماقتا. مەرۋ ۋىلايىتىنىڭ سەرەخس شەھىرىدە تۇغۇلغان كەلگۈندى ئەلفەزل بىننى سەھلىنىڭ ئۆزى ۋەزىر ئەزەم، خارەزملىك مۇسا بىننى مۇھەممەد بەيتۇل - ھېكمەتنىڭ باش كىتابدارى، فەرغانە ۋە مەرۋدىن كەلگەن مۇھەندىس ۋە مۇنەججىملەر — سارايدا ئەڭ مۆتىۋەر ئادەملەردۇر. باغداد شەھىرىدە يۈز بېرىۋاتقان بۇ باشباشتاقلىقنى كۆرۈپ بۇ دۇنيادىن كەتكۈڭ كېلىدۇ.

— يالغۇز سىز بىلەن بىزلا ئەمەس، بۇرادەرلەر، ئەسكەر باشلىقلىرى ئارىسىدىمۇ نارازىلىق باشلانغان، — دېدى پېشقەدەم مېھمان، — ئېسىڭىزدىمۇ، ھارۇن رەشىد زامانىسىدىمۇ شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەنىدى. دۆلەت ئىشلىرىنى ئىرانلىقلار ئىگىلىۋالغانىدى. مەرھۇم خەلىپە بىر باھانە تېپىپ، ئىرانىي ۋەزىرىنى قەتل قىلدۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب كاتتىلىرىنى تىنچىتقانىدى.

— ھە، ئېسىمدە بار، — ئۆي ئىگىسى جىلمىيىپ قويدى، — ھەممىمىز ھارۇن رەشىدنىڭ بۇ ئىشىدىن مەمنۇن بولغان، مەملىكەت تىزگىنى قايتىدىن بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتكەنىدى. «تارىخ تەكرارلىنىدۇ» دېگەن گەپ بار، سەۋر قىلىپ تۇرايلى. مەرھۇم خەلىپىنىڭ روھى مەدەتكە كېلىپ تۇرانلىقلاردىن قۇتۇلساق ئەجەب ئەمەس. كۆلپەتكە كۆنۈپ يۈرۈۋەرسەك، بارغانسېرى ئۇنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىدۇ. ئاجىز ئادەملەرلا ئاز قىسمەتلەرگە رازى بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ.

— ئەمما، ئېھتىيات تىزگىنىنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. ئەگەر بىز بۇ ئىشقا جۈرئەت قىلساق، مەئمۇن غەزەپ ئېتىغا مىنىپ، قولىغا جازا قىلىچىنى ئالماسمىكىن؟

— قورقماسلىق كېرەك، خەلىپە ھېچقاچان ئۆز دۆلىتىنىڭ بۈيۈكلىرىگە پالتا ئۇرمايدۇ. يېقىنلىرى بولغان ئەرەب زېمىندارلىرىغا، دۆلەتمەنلىرىگە زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك، بىزنىڭ پايدىمىزنى كۆزلەپ سابىق قۇللار، يالاڭئاياغ دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنى قانغا پاتۇرۇۋاتىدۇ. ئاڭلىشىمىزچە، مەئمۇن كېچىلىرى نۇجۇم ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى تاشلاپ قويغان ۋەزىرلەردىنمۇ نارازى بولسا كېرەك.

— تەۋەككۇل قىلغان كىشىنىڭ ئىشىغا خۇدا ئاسانلىقنى بېرىدۇ. يېتىپ قالغاندىن ئېتىپ قالغان ياخشى، — دېدى قېرىپ قالغان مېھمان رەسمىي تۈستە، — پەرىشتىلەر ياخشى گەپكىمۇ، يامان گەپكىمۇ «ئامىن!» دەيدۇ.

ئۇلار داستىخان ئۈستىدە خېلى بىر ۋاقىتقىچە سۆھبەتلىشىپ ئولتۇردى. گويا تاملارنىڭمۇ قۇلىقى باردەك، بەزەن ئۇياق ـ بۇياققا ئەلەڭلەپ، تاۋۇش چىقارماي پاراڭلىشاتتى.

7

رەسەتخانا قۇرۇلۇشى تېز سۈرئەتتە داۋاملىشىۋاتاتتى. باش مېمارمۇ، ئۇستا ـ ئالىملارمۇ ئىشنىڭ راۋاجىدىن خۇرسەن ئىدى. دىيامېتىرى ئەللىك مېتىر بولغان، يۇمىلاق شەكىلدىكى رەسەتخانا قۇرۇلۇپ پۈتۈشكە ئاز ۋاقىت قالغاندا يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ئىلىم ئەھلىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ئالىملارنىڭ ھامىيسى بولغان ۋەزىر ئەزەم ئەلفەزل بىن سەھل ھاممامدا نامەلۇم بىر ئادەم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، سۈيىقەستچىلەر جىنايەت ئىزىنى يوشۇرۇپ كېتىشكەنىدى.

كۈتۈلمىگەن بۇ ھادىسىدىن ئالىملارنىڭ قولى ئىشقا بارماي قالدى. ئىلىم ئەھلى قازاغا ئۇچرىغان مۇنەججىم ۋە دۆلەت ئەربابى ئىبنى سەھلنى كاتتا دەپنە قىلىپ، مىڭ خىل پىكىر بىلەن بېشى قاتقان ھالدا تۇرار جايلىرىغا قايتىشتى.

ئەلخارەزمىي چوڭقۇر ئويغا چۆمگەنىدى. ئالىملارنىڭ ھامىيسى بولغان ۋەزىرنىڭ ئۆلۈمىگە قىسمەن ئۆزى سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئويلاپ ئازابلىناتتى. «ئۇ ھەر ۋاقىت مېنىڭ ئۆلىمالارغا ياقمىغان كەشپىياتلىرىمنى ھىمايە قىلىپ كېلەتتى» دەپ ئويلايتتى. «ئۇنىڭ غەيرىتى بىلەن ھىندى رەقەملىرى قوبۇل قىلىنىپ، ئەرەب رەقەملىرى دەپ ئاتىلىشقا باشلىغانىدى. گۆرى نۇرغا تولغۇسى! بۇ مەرھۇم

خۇراسانلىق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇساپىر ئالىملارغا خەيرخاھلىق قىلاتتى، شۇ سەۋەبتىن ئەرەب مولللىلىرى بىلەن چوڭلىرى ئۇنىڭ بېشىغا چىقتى...»

ئۇ ئۆز يېغىدا ئۆزى قورۇلۇپ تۇرغاندا ئەھمەد ئەلفەرغانىي كېلىپ قالدى:

— ھە، كېلىڭ، كېلىڭ. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي يۈرىكىم سۇ بولۇپ ئولتۇرغانىدىم، — دېدى ئەلخارەزمىي سالامنى ئىلىك ئېلىپ، — قېنى بۇياققا چىقىڭ.

— مەنمۇ ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي ئۆزۈمنى چالغىتىپ، غەملىرىمنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇدۇل سىزنىڭكىگە قاراپ يول ئالدىم، — قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان ئەلفەرغانىي مېھمانخانىنىڭ تۆرىگە سېلىنغان كۆرپىدە ئولتۇرۇپ يۈزىگە فاتىھە تارتتى، — پاك ۋە ئۇلۇغ ئادەمدىن ئايرىلغىنىمىز ئەمدى بىلىندى. «ئالدىڭدا ئاققان سۇنىڭ قەدرى يوق» دەپ بىكار ئېيتىشمىغانىكەن.

ئۇلار مەرھۇم ۋەزىر توغرىسىدا گەپلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— خەلىپە جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ جازاسىنى بېرەرمىكىن؟ ئاخىر بۇ ئىشنى قالدۇرۇپ قويغىلى بولمايدۇ - دە! — دېدى ياش مېھمان غەمكىن بولۇپ.

ئەلخارەزمىي ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، بىر ئازدىن كېيىن:

— بۇ ھادىسىنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر، ھارۇن رەشىد زامانىسىدىكى ۋەزىر جەئفەر ئەلبەرمەكىنىڭ پاجىئەسىگە ئوخشايدۇ، — دېدى قاپىقىنى سېلىپ، — شۇ ۋاقىتتا ئىرانىيلارنىڭ ئورنى يۇكسەك ئىكەنلىكىدىن نارازى بولغان ئەرەب كاتتىلىرى قوللىرىغا خەنجەر ئالغانىدى. مەئمۇن زامانىسىدىمۇ كىچىك بولسىمۇ، ئاشۇنداق ھادىسە تەكرارلاندى. خەلىپە بىر چارە كۆرۈشتىن ئىلگىرى ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، ئانا ئۇرۇقنى رازى قىلىمەن دەپ ئاتا ئۇرۇقنى يەرگە ئۇرماس. ئۇ «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغان» ھۆكۈمدارلار تائىپىسىدىن.

— چۈشىنىشلىك. ئۇ قايناپ تۇرغان قازاننى يېپىق پېتى قالدۇرسا كېرەك. ھەقىقىي جىنايەتچىلەر جازالانماي قالدۇرۇلارمىكىن.

— شۇنداق.

ئۇلار ئۇزاققىچە گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ، غەم - تەشۋىشلىرىنى ئۇنتۇغاندەك بولدى.

باشتا ساراسىمىگە چۈشكەن ئالىملارمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېسىگە كېلىپ، ئۆز ئىشلىرىغا باشچىلاپ كىرىپ كەتتى. دەھشەتلىك پاجىئە بولۇپ بىر يىل ئۆتكەندە رەسەتخانىمۇ قۇرۇلۇپ، مىلادىيە 819 - يىلى تامام بولدى. ئەللامىلەر ئون ھەسسە غەيرەت بىلەن ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كېتىشتى.

ئەلخارەزمىي كېچىلەرنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. پتولمېينىڭ جەدۋىلىدە خاتالىق بارلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزەتتى. بۇ ئىش بىلەن باغلىنىشلىق كۆپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ھېساب ئىلمى، تۆت ئەمەل قاتارلىقلار ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى بايقاپ، بېشى قاتتى. يەر ئۆلچەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەر ئۆلچىگۈچىلەر، مىراس تەقسىم قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇفتىلارمۇ ھېسابلاشقا مۇناسىۋەتلىك كۆپ مەسىلىلەرنى يېشىشتە قىينىلىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى.

ئۇ كېچە - كۈندۈز بىر خىلدىكى ھېساب ئەمەللىرىنى بېجىرىشتىكى ئومۇمىي ئۇسۇلنى تېپىش بىلەن بەند ئىدى. مۇشەققەت چېكىپ قىيىن مەسىلىلەرنى يېشىش ئۈچۈن نامەلۇم بىر سانىنى تەڭلىمىلەر ئارقىلىق تېپىش يولىنى كەشىپ قىلدى. ئۇنىڭ «ئەلجەبىر ۋە مۇقابىلە» دېگەن ئەسىرى بەيتۇل -

ھېكمەتتە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقاندا، ئالىملار ھاياجانلىنىپ ئۇنى تەبرىكلەشكە باشلىدى. تۆردە يارىشىپ ئولتۇرغان زەر چاپانلىق خەلىپە ئۆز خۇشاللىقىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىسىمۇ، يېنىدا ئولتۇرغان ئەلخارەزمىيگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ قوياتتى. ئۇ بۇ مەجلىسكە دىن پېشىۋالىرىدىن ھېچكىمنى چاقىرمىغان، ھەقىقىي ئالىملارنى كۆرەلمەيدىغان ھەسەتخور مولللار بىمەنە سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، ئىلىم ئەھلىنىڭ كەيپىنى بۇزۇشى تۇرغان گەپ ئىدى.

مەئمۇن زوق ـ شوخ بىلەن سۆزلىگەن ئالىملارنىڭ سۆھبىتىدىن يەكۈن چىقىرىپ مۇنداق دېدى:

— ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى مۇسا يېڭى ئىلىم كەشىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ نام قويۇپتۇ. ئىلگىرى ھېساب ئىلمى بار ئىدى. لېكىن، ساماۋى جىسىملار ئارىسىدىكى مۇساپىنى تېپىش، يەر ئۆلچەش، مىراس تەقسىم قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ھېساب ئىلمى ۋە تۆت ئەمەل بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايتتى. ئەلخارەزمىي بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلدى. مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇلار ئارىسىغا مەجھۇل بىر ساننى كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى مۇئادىلە (تەڭلىمە) ئارقىلىق ھەرپلەر ۋە سانلار ياردىمى بىلەن يېشىش يولىنى تاپتى. بۇ شۇنداق كەشپىياتكى، بۇنىڭدىن يۈز يىل، ھەتتا مىڭ يىل كېيىنمۇ كىشىلەر ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا بۇ ئىلىمگە مۇراجىئەت قىلغۇسىدۇر. «ئەلجەبىر» دېگەن بۇ نام مەڭگۈ ساقلىنىپ قالغۇسىدۇر.

— بۇ مۇشكۇل ئىلىمنىڭ ماھىيىتىنى ئۈچ ـ تۆت جۈملە بىلەن ئىخچام قىلىپ تەرىپلەپ بەرگىنىڭىز ئۈچۈن چەكسىز خۇرسەنمىز، — دېدى يۈزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەن ئەلخارەزمىي خەلىپىگە تەزىم قىلىپ، — ئالىملارغا خەيرخاھ ھۆكۈمدارلار دەۋرىدىلا ئىلىم ـ پەننىڭ ئالدىدىكى توسۇقلار ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇيقۇدا ياتقان ئەقىل ـ پاراسەت ئويغانغۇسىدۇر.

— ئەلجەبىر ئىلمى بەئەينى بىر تىكەنلىك دەرەخ، جەبىرگە چىدىغان ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولغاي! — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئەلفەرغانىي.

ئالىملار كۈلۈپ ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاشتى. ئۇلار چۆلدە يۈرۈپ قۇدۇق يېنىغا يېتىپ كەلگەن يولۇچىلاردەك خۇشال ئىدى.

* *

ئارىدىن ئەسىرلەر ئۆتتى. شەرق ئالىملىرى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مەرىپەت خەزىنىسى ياۋروپالىقلار قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. خارەزمىينىڭ بۇ ئەسىرى 12 ـ ئەسىردە بېسىلىپ چىقتى. كېيىن فىرانسۇزلار ئۇنى «ئالگېبرا» دەپ تەرجىمە قىلدى. ئەسىرلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتىۋەردى. شەرق خەلقلىرى ئۆزلىرى يوقىتىپ قويغان مەرىپەت خەزىنىسىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

ياۋروپادا ئادىشىپ يۈرگەن «ئەلجەبىر»ئىلمى يەنە «ئالگېبرا»شەكلىدە ئۆزىمىزگە قايتىپ كەلدى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: قەشقەر شەھەرلىك شېنجېن ـ قەشقەر تولۇق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

شۋېتسىيەلىك مىسسىيونېر سىگفرېد موئېن توپلىغان ئۇيغۇر خەلق بېيت ـ قوشاقلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مامۇتجان ئىمىن ئېلتېكىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: نەشرگە تەييارلانغان بۇ قوشاقلار ۋە بېيىتلار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40 — 50 ـ يىللىرىدا يىغىپ توپلانغان. بۇ قوشاقلار ۋە بېيىتلار ئەينى ۋاقىتتا شۋېتسىيەلىك مىسسىيونېر سىگفرېد موئېن (Sigfrid Moen)نىڭ باشچىلىقىدا قەشقەر، يېڭىسار ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردىن توپلانغان بولۇپ، دوكتور نۇر لىيۇك (Dr. Nur Luke) بۇ بېيىتلارنى تېپىشقا ۋە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈشكە ياردەملەشكەن. سىگفرېد موئېن بۇ قوشاقلار ۋە بېيىتلارنى 1973 ـ يىلى گۇننار ياررىڭغا بەرگەن. 1982 ـ يىلى شۋېتسىيە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى (University Library Lund)دا «گۇننار ياررىڭ يىغمىلىرى» (Jarring Collection) مەخسۇس تۈرى ئېچىلغاندا، بۇ تۈرنىڭ 208 ـ نومۇرلۇق قول يازما نومۇرى (Jarring Prov. 208) دا « شىنجاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى توپلىمى» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلىنغان. بۇ يەردىكى قوشاقلار ۋە بېيىتلار ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40 — 50 ـ يىللىرىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى قىممىتى ۋە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشتىكى قىممىتى نەزەرگە تۇتۇلۇپ، ئاشۇ ئەسەر ئىچىدىن تاللىنىپ، رەتلىنىپ نەشرگە تەييارلاندى. نەشرگە تەييارلاشتا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەسلىي تېكىستنىڭ ئوقۇلۇشىغا رىئايە قىلىندى.

1

ناخشىنى تولا ئايتسام، ئەل مېنى ساراڭ دەيدۇر،
قەدىردان ئاتام بولسا، دەردى بار بالام دەيدۇر.

نخشىنى تولا ايتسام ال منى سىرانگ ديدور
قدردان آتام بولسه دردى بار بالام ديدور .

2

ھەراق ئىچەدۇر دەيدۇر، تەماكۇ چەكەدۇر دەيدۇر،
ھەر كىم ھەر نېمە دەيدۇر، دەرد كەلمەيدۇر بىلمەيدۇر.

حراق ايچيسه خور ديدور تماكو چيكسه دور ديدور
هر كيم نيمه ديدور درد كلمايدور بيلمايدور

3

ئاتىمنى توقۇپ قويدۇم، جىۋىرغان يامان قاردا،
باشىمغا ھەر ئەلەم كەلسە، مېنىڭ كۆڭلۈم تېخى ياردا.

اطيمنى توقوب قويدوم جيورغان يمان قاردا
باشيمغه هر الم كلسه مېنينگ كونگلوم تنهى ياردا.

4

ئاتىمنى توقۇپ قويدۇم، ئەللەرنى تارتماي،
بۇ دەردنى كىم تارتسۇن، سەن بىلەن مەن تارتماي.

دلبرنى توقوب قويدوم ايل‌لارنى تارتماى
بو دردنى كيم تارتسون سن بيلان من تارتماى .

5

ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى، باغدا قىلالى سەيلى،
يار كېلەمدۇر كەلمەمدۇر، يارنىڭ ئۆزىنىڭ مەيلى.

آق ليلى قيزيل ليلى باغدا قيلال سيلى .
يار كلامدور يارنينگ اوزىنينگ ميلى .

6

يار كېلۇرمىكىن مۇندا، مەن بارامدۇرمەن ئاندا،
يارغا يار كېرەك بولسا، قول سالىپ كېلۇر مۇندا.

ياركلوريميكن موندا من بارامدورمن اندا
يارغه يار كراك بولسه قول ساليب كلور موندا .

7

كاككۇكلار كېلىپ قاپتۇ، يارەي،
بەھار بولغانىغا ئوخشايدۇر.
كۆڭلۈم خۇش بولۇپ قاپتۇ، يا جانىما،
يارىم كەلگەنگە ئوخشايدۇر.

كاكلوك لار كليب قابتو "يارى" بهار بولغانلاغه اوخشايدور
بهار بولغانلاغه اوخشايدور
كونگلوم خوش بولوب قابتو يا جانيما ،
ياريم كلگانگا اوخشايدور .

8

كاككۇكلار كېلىپ قاپتۇ،
ياش ئۆسكەن تېرەكلەرگە.
يارىمنى خەيال قىلسام، جانىما،
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.

كاكلوك لار كليب قابتو
ياشتين اوسكان تيرك لارگه
ياريم نى خيال قيلسام "جانيما"
اوت كتتى يوراك لارگا .

9

كاككۇك ئاشىقى زەينەپ، يارەي،
بىرى باغدا، بىرى تاغدا.
بۇلبۇل سايراغان چاغدا، جانىما،
مەن يارىم بىلەن باغدا.

كاكلوك عاشقى زينب "يارى"
بيرى باغدا بيرى تاغدا
بلبل سايراغان چاغدا "جانيما"
من ياريم بيلان باغدا

10

ئالمانى ئاتتىم دەرياغە، لەيلەمەيدۇر، چۆكمەيدۇر،
ئايىمخاننىڭ ئوتلارى يالدىلايدۇر، ئۆچمەيدۇر.

المانى اتيم درياغه ليلا مايدور چوكمايدور
آييم خان نينگ اوتلارى يالديلايدور اوچمايدور

11

چىنىنى بەرمەڭ نادانغا،
ئويناپ ـ ئويناپ سىندۇرۇر.
بىۋەپاغا ئاشنا بولساڭ،
قاچان كۆڭۈلنى تىندۇرۇر.

چینی نی برمانگ نادان غه
اوىنیاب اوىنیاب سینديرور
بیوفاغه آشنا بولسانگ
قىچان كونگل نی تینديرور

12

كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ،
كۆڭۈل ھەر جايغا باشلايدۇر.
سەمەرقەند ئالماسىدەك (ئالىپ)،
ئاپارىپ چۆللەرگە تاشلايدۇر.

كونگل نينگ كينيگا كيرمانگ
كونگل بیر جايغه باشلايدور
سمرقند آلمه سيديك (اليب)
آپاریب چول لارگه تاشلايدور .

13

ئوتان كەسكەن كەركۈمىكەن؟
يەغاچ كەسكەن كەركۈمىكەن؟
تاتلىق گەپنى ئىشتمەيدۇر،
يارنىڭ كۆڭلى تەرتۇمىكەن؟

اوتان كيسكان كركو ميكان
يغاچ كيسكان كركو ميكان
تاتليق گيب نی ايشتمايدور
يار نينگ كونگلی ترتو ميكان

14

بارغۇم بار، ھاي، بارغۇم بار،
بۇغدايلىقدا زارغۇن بار.
كىمنىڭ قىزى ئۇز بولسا،
شۇنى بارىپ ئالغۇم بار.

بارغوم بار "های" بارغوم بار
بغدايليقدا زارغون بار
کیم نينگ قيزی اوز بولسه شونی باریب آلغوم بار .

15

ئۇيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ، نەرگە بارۇرسەن؟
ئۇسنا قويۇپ، گۈلنى قىسىپ، جاننى ئالۇرسەن.

اوىان اوتوب بويان اوتوب نرگه بارورسن ؟
اوسما قويوب گل نی قيسيب جان نی آلورسن .

16

ئامراقىم دەيمۇ سېنى، ۋاي، چىرايلىقىم دەيمۇ سېنى؟
شىشەدىنساندۇق ئېتىپ، ساقلاپ سۆيەيمۇ، ۋاي، سېنى؟

امراقیم دیمو سنی "وای" چیرايليقيم ديمو سنی .
شیشه دین صندوق اتیب ساقلاب سويايمو "وای" سنی .

17

ئايۋانىڭدا ياتايمۇ، سەرايىڭدا سەن؟
ئاق رەباتدا ئايرىلغان يارىممۇ سەن؟



18

مەن بۇ يەرگە كەلمەيتتىم، ئالىپ كەلگەن ئىبراھىم،
ئاشىق بىلەن مەئشۇقنى ئايرىپ ئەتكەن خۇدايىم.



19

سەن چەمەننىڭ بىر گۈلى سەن، مەن چەمەننىڭ بۇلبۇلى،
سەن جەمالىڭغا ئىشەنسەڭ، مەن خۇدايىمنىڭ قۇلى.



20

كىتەردە خوش دىمەي كەتكەن،
مىنىڭ ئانداغمۇ يارىم يوق.
پىشانەمگە پۈتۈلگەندۇر،
ئانى تارتماسقە چارەم يوق.



21

«يار» دەپ مەن ئادا بولدۇم،
غەمگە مۇبتەلا بولدۇم.
بىر كۆرۈپ جەمالىڭنى،
ئاشىق بىقەرار بولدۇم.



22

ھەۋادىكى بوز قۇشمەن،
گۈلۈم غۇنچە، گۈلۈم غۇنچە.
خىنىم، دەردىڭدە بىھۇشمەن،
نىمە كۆيدۇرسەن مۇنچە.
مەيلىڭ بولسا كەل، يايرىم،
مىنىڭ كۆڭلۈم ئاچىلغۇنچە.
كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ تاشماسمۇ،
مىنىڭ گۈلۈم تىخى غۇنچە.



23

يارىم بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى،
ئارقادىكى يول بىلەن.
كۆڭلۈمنى ئۆتۈپ ئالدى،
قولىدىكى گۈل بىلەن.

یاریم بیر کون اوتوب کتتی   اورقاداکی یول بیلان
کونگلومنی اوتوب آلدی   قولیداکی گل بیلان

24

رەباب چالغان قوللارىڭ، تالمامدۇر بىلەكلەرىڭ،
ئىشكايلىڭدىن مەن ئۆتسەم، كۆيمەمدۇر يۈرەكلەرىڭ.

رباب چالغان قوللارینگ   تالمامدور بیلاکلارینگ
اینتکا یلینگدین من اوتسام = کویمامدور یوراکلارینگ

25

كېچە بولسا ياتمايدۇر، تېرەكنىڭ باشىدا قارغا،
نېمە ئانچە يىغلايسىز، ۋەفا قىلماغان يارغا.

کیچه بولسا یاتمایدور تیرکنینگ باشیدا قارغا
نیمه آنچه یغلایسیز   وفا قیلماغان یارغا

26

ئەجەب يەمان كۈنلەر كېلۇر ئوغۇل بالالىنىڭ باشىغا،
سايىدا تۇگۇرمەن چۆرگۈلۈر كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

عجب یمان کونلار کیلور   اوغول لارنینگ باشیغه
سایه اتوگورمن چیرگولور کوزدین اققان یاشیغه

27

ئۆيۈڭنىڭ ئارقاسى شورلۇق، پۇتۇڭ ئاغرىمىكىن، يارىم،
مەن ئۇتۇڭدا ئۆلۈپ كەتسەم، ئىچىڭ ئاغرىمىكىن، يارىم.

شورلوق
اویونگ نینگ ارقاسی شورلاق   پوتونگ آغریمیکن یاریم
من اوتونگدا اولوب کتسام   اچینگ اغریمیکن یاریم

28

ئېگىز ئېرىققا نور قويغان، پەست ئېرىققا گۈلدۈرمە،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالغان، ھېچ كىشىگە بىلدۈرمە.

ایگیز ارلیقغه نور قویغان   پیست ارلیقغه گولدورمه
من سنگا کویوب قالغان   هیچ کیشیگا بیلدورمه .

29

سەنمۇ غەرىب، مەنمۇ غەرىب، باغدا بۇغدايىنى تېرىپ،
ئالتە ساچقاننى قاتىپ، لاي ـ لاي ئايتقان شاھ غەرىب.

سین موغریب من موغریب   باغدا بغدای نی تیریب
الته ساچقان نی قتیب   لای لای ایتقان شاه غریب .

30

باشىڭداكى دوپپاڭنىڭ كۆلگە تۈشتى شويلاسى،
مېنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ يول تۆپەسىدە هويلاسى.

باشينگداكى دوپيانگ نينگ كول گه توشتى شويلاسى
منى كويدورگان يار نينگ يول توپه سيدا هويلاسى

32

قىزىل گۈل ئاراسىدا بوياڭنى كۆرۈپ قالدىم،
ئايتماغانغا بولمايدۇر، سىزگە مەن كۆيەپ قالدىم.

قزيل گل اراسيدا بويانگ نى كوروب قالديم
ايتماغانغه بولمايدور سيزگه من كوياب قالديم

33

ۋەفا قىلۇرمىكى دەپتىم، جەفا قىلىشنى كىم بىلدى،
ئايرىلماسمىكى دەپتىم، تاشلاپ كېتىشنى كىم بىلدى.

وفا قيلورمكى ديبتيم جفا قيليشنى كيم بيلدى
آيريلماسميكى ديبتيم تاشلاب كيتيشنى كيم بيلدى

34

ئالماتۇ دېگەن شەھەرنىڭ، ئالمەسى تولا ئىكەن،
غەرىبلىق ماڭا يەتتى، كەلمەسەم بولاپتىكەن.

آلماتو ديگان شهرنينگ آلمه سى تولا ايكان
غريبليق منگا يتتى كلماسام بولاپتيكان

35

لەنجۇنىڭكى يوللارى چىلان بىلەن چۆل قۇدۇق،
ئاتا بىلەن ئانانى بىز خۇداغا تاپشۇردۇق.

لنجو نينگ كى يوللارى چيلان بيلان چول قودوق
اتا بيلان آنانى بيز خداغه تاپشوردوق

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى باشلانغۇچ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا)

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر سەمىگە:

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى سانىدا تېخنىكىلىق سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن، 101 ـ بەتتىكى چۆچەكنىڭ ئۈستىدىن سانىغاندا 3 ـ قۇردىن كېيىنكى «يۇرتلىرىغا راۋان بولۇشۇپتۇ، پەقەت چوڭ شاگىرتلا ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ئىشلارنى قىلىپ، ئۇستازىنىڭ ئەتراپىدا يۈرۈپتۇ. سەككىزىنچى كۈنى چوڭ شاگىرتقىمۇ تويۇقسىز كېسەل تېگىپ سەكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ. ئەۋلىيانىڭ ئايالى چوڭ شاگىرتتىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشىغا كۆزى يېتىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:» دېگەن قۇرلار چۈشۈپ قاپتۇ. تولۇقلاپ ئوقۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز!

ھەسەن بىلەن زۇھرە

(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇقادىر سادىر

بار ئىكەنئۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنئۇ، توق ئىكەن. قەدىمكى زاماندا بىر پادىچى بوۋاي بىلەن موماي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۈچ قىزى بار ئىكەن. ئايدىن ئايلار، يىلدىن يىللار ئۆتۈپ، قىزلار بويىغا يېتىپ، چوڭ قىزى يىگىرمە بىرگە، ئوتتۇرانچىسى ئون توققۇزغا، كەنجىسى ئون سەككىزگە كىرىپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي قىزلىرىغا بىرەر ئەلچى كەلمىگىنى ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز غەم يەپ يۈرۈشۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى بوۋاي مومايغا:

— قېرىغاندا تولىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدۇق، بۇ ئۈچ قىزنىڭ ئورنىدا ئوغۇل بولغان بولسىمۇ بىزنى باقار ئىدى. ھېچ بولمىسا بۇلارنىڭ بىرەرسىگە ئەلچى كەلگەن بولسىمۇ خاتىرجەم بولار ئىدۇق، — دەپ زارلىنىپتۇ.

— بىزدەك نامرات پادىچىلارنىڭ قىزلىرىنى كىممۇ ئالاتتى؟ — دەپتۇ موماي ئۇھ تارتىپ. بوۋاي ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن:

— مېنىڭ بىر مەسلىھەتىم بار، قىزلىرىمىزغا ئۆزىمىز چىقىپ لايىق ئىزدەپ باقايلى، ئەگەر ماقۇل تاپىدىغانلار چىقىپ قالسا، قىزلىرىمىزنى نىكاھلاپ بېرەيلى، — دەپتۇ.

بوۋاينىڭ بۇ مەسلىھەتى مومايغا ماقۇل كەپتۇ. بوۋايدىن ئاۋۋال موماي يولغا راۋان بولۇپ، يۇقىرى مەھەللىدىكى باينىڭ ئىشلەمچىلىرى بىلەن بىرمۇ - بىر ئۇچرىشىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا:

— بالام، ساڭا بىر سۆزۈم بار، قىزلىرىم بويىغا يەتتى. «تەڭ تېگى بىلەن» دېگەندەك، سەنمۇ بىزمۇ ئوخشاش كەمبەغەل ئىكەنمىز، نېمەڭ بولسا شۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، قىزلىرىمدىن خالىغىنىڭنى ئەمرىڭگە ئالساڭ قانداق؟ — دەپتۇ. لېكىن، موماينىڭ بۇ سۆزىگە ھېچقايسىسى ماقۇل دېمەپتۇ، بىچارە موماي پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، ئۆيىگە قايتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىچىنىڭ قىزلىرى ئەرگە تەگمەي يۈرۈۋېرىپتۇ. بىر كۈنى قىزلار زېرىكىپ ئولتۇرۇپ: «يۇقىرى مەھەللىنىڭ ئۈجمىسى پىشىپتۇ، بىر بېرىپ ئۈجمە يەپ كەلمەيمىزمۇ؟» دېيىشىپ، يۇقىرى مەھەللىگە مېڭىشىپتۇ. بېرىپ قارىسا، ئۈجمىلەر پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەن، ئەتراپ ياپيېشىل چىمەنلىك بولۇپ، بۇلبۇللار ناۋا قىلىپ يۈرگەنىكەن. قىزلار بۇ يەردە سەيلە - تاماشىسىنى باشلاپتۇ. ئۇلار كۈندۈزى سەيلە قىلغاچ ئۈجمە يەپتۇ. كېچىسى ئۇلارنىڭ ئىككىسى يېتىپ ئۇخلىسا، بىرسى ئويغاق ئولتۇرۇپ كۆزەتچىلىك قىپتۇ. ئۈچ قىز تاماشىسىنى قىلىپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى باشقا ياقتىن ئاڭلايلى:

ئاشۇ يۇرتنىڭ بىر زالىم پادىشاھى بار بولۇپ، بىر پەرزەنتكە زار ئىكەن، ئۇنىڭ قىرىق خوتۇنى بار ئىكەنئۇ، لېكىن بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى تەختىدە ئولتۇرۇپ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى، دانىشمەن ۋە سىپاھىلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن پادىشاھلىق دەۋرىنى سۈرۈپ، كەيپ ـ ساپا بىلەن ئۆتۈپتىمەن. مانا ئەمدى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرى غەم ـ ئەندىشىدە ئۆتۈۋاتىدۇ. ئالەمدىن ئۆتسەم ئورنۇمدا ئولتۇرىدىغان نە بىر ئوغۇل، نە بىر قىزىم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەرھال بىر قىز تېپىڭلار، قانداقلا بولسا مەيلى، تېپىلغاندا قىرىق كۈن ئوغلاق تارتىپ، ئات چېپىلسۇن!

ۋەزىر ـ ۋۇزرالار مەسلىھەت قىلىپ، ھەر ياققا تارقىلىشىپتۇ. پادىشاھ قىرىق خوتۇنىنى يىغىپ:

— ئەي، خانىشلىرىم، سىلەر بىلەن شۇ ۋاقىتقىچە بىللە ياشىدىم، لېكىن پەرزەنت كۆرمىدىم. يېشىم ئۇلغىيىپ قالدى، سىلەردىن پەرزەنت كۆرمىگىنىم ئۈچۈن، ئەمدى يەنە ئۆيلەنمەكچىمەن، — دەپتۇ، خانىشلارمۇ رازى بولۇشۇپتۇ. پادىشاھ: «بىر ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنت كۆرگەن بولسام، پۈتۈن يۇرتقا چوڭ توي بېرەتتىم» دەپ ئۆز خىياللىرىدىن ئۆزى خۇش بولۇپ يۈرۈپتۇ. قىرىق خوتۇنى بولسا كېيىنكى كۈنلىرىدىن غەم قىلىشقا باشلاپتۇ.

— پادىشاھ ئۆيلىنىپ پەرزەنت كۆرسە، بىزنىڭ ئەتىۋارىمىز قالمايدۇ، ئۇ چاغدا كۈنىمىز قانداق بولار؟ — دەپتۇ پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنى. ئۇ ۋەزىرنىڭ قىزى ئىكەن.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ:

— خالايىق! — دەپ ۋارقىراپتۇ، — پادىشاھ پەرزەنت كۆرمىگەچكە يەنە ئۆيلەنمەكچى. شۇنىڭ ئۈچۈن، نامرات بولامدۇ، يېتىم بولامدۇ، بىر قىز تاپمىساق بولمايدۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بىر كىشى:

— تەخسىر، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز، بىر سۆز ئېيتسام، — دەپتۇ. ۋەزىر:

— قېنى ئېيت! — دەپتۇ.

— ۋەزىر جانابلىرى، يۇقىرى مەھەللىگە بويىغا يەتكەن ئۈچ قىز كەلگىنىگە خېلى كۈن بولدى. ئۇ يەردە ئۈجمە راسا پىشقانىدى، قىزلار كۈندۈزى ئۈجمە يەيدۇ، كېچىسى بىر كەپىدە ئۇخلايدۇ. ئۈچىلىسى بىر ـ بىرىدىن گۈزەل قىزلار ئىكەن. ئەگەر جانابلىرى ماقۇل تاپسىلا، شۇلارنى ئەكەلسەك قانداق بولاركىن؟ — دەپتۇ. ۋەزىر:

— مېنى ئاشۇ قىزلارنىڭ يېنىغا ئېلىپ بار، ئۇلارنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ. ۋەزىر قىزلارنىڭ كەپىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ، قۇلاق سالسا، ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقانىكەن. ئاچىسى سىڭىللىرىغا قاراپ:

— پادىشاھقا قىز ئىزدەۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، ئەگەر پادىشاھ مېنى ئالسا، بار ھۈنىرىمنى ئىشلىتىپ، ئۇنىڭغا شاھانە كىيىملەرنى تىكىپ بېرەتتىم. بۇ كىيىملەر دۇنيادا بىرلا بولار ئىدى، — دەپتۇ. ئوتتۇرانچى قىز:

— پادىشاھ مېنى ئالسا، ئۇنىڭغا مەززىلىك تاماقلارنى پىشۇرۇپ بېرەتتىم. يەپ ـ يەپ تويماس ئىدى، — دەپتۇ. كەنجى قىز بولسا:

— پادىشاھ مېنى ئالسا، ئۇنىڭغا قوشكېزەك تۇغۇپ بېرەتتىم، — دەپتۇ. ۋەزىر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، كەپىگە كىرىپتۇ. قىزلار ئۇنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ كۆزى قىزلارنىڭ جالدۇر ـ جۇلدۇر كىيىملىرىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ دەرھال پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇبىر ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خۇش بوپتۇ ۋە ۋەزىرگە:

— ئۇنداقتا ئاشۇ كەنجى قىزنى ئەمرىمگە ئالاي، — دەپتۇ. ۋەزىر قىزلارنىڭ يېنىغا بېرىپ

پادىشاھنىڭ گېپىنى يەتكۈزۈپتۇ.

— كەمبەغەل بولساقمۇ ئاتا ـ ئانىمىز بار، ئاۋۋال شۇلار بىلەن سۆزلەشسىڭىز ياخشى بولارمىكىن، — دەپتۇ قىزلار. ۋەزىر ئۇلارنىڭ گېپىنى توغرا تېپىپ، مۇلازىملىرىدىن بىرسىنى پادىچى بوۋاينىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتىپتۇ. مۇلازىم پادىچى بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي ئاتا، پادىشاھ كەنجى قىزىڭىزنى ئەمردگە ئالماقچى. نېمە دەيسىزكىن؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىچى بۇ سۆزگە ئىشەنمەي:

— بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ سىز مېنى ئالداۋاتىسىز، — دەپ ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. مۇلازىم بېرىپ بوۋاينىڭ سۆزىنى ۋەزىرگە ئېيتىپتۇ. ۋەزىر يەنە ھەممىيلەننى يىغىپ:

— خالايىق، مەن پادىچى بوۋايغا مۇلازىمنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنىدىم. پادىچى ئىشەنمەي ئۇنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. ماڭا ياخشىراق مەسلىھەتىڭلار بولسا بەرسەڭلار، — دەپتۇ. ۋەزىرنى قىزلارنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارغان ھېلىقى ئادەم مۇنداق دەپتۇ:

— ۋەزىر جانابلىرى، بىزدە «قۇش تىلىنى قۇش بىلەر» دېگەن گەپ بار. مەھەللىمىزدە يەنە بىر پادىچى بوۋاي بار. ئاشۇ بوۋاينى قىزلارنىڭ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتسىڭىز، بەلكى ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنەر، — دەپتۇ. بۇ مەسلىھەت ۋەزىرگە يېقىپتۇ ۋە پادىچى بوۋاينى چاقىرتىپ كەپتۇ. ئۇ بولسا قورققىنىدىن تىنماي يىغلاپ، مۇنداق دەپتۇ:

— تەخسىر، مەن گۇناھسىز. پادا بېقىشتىن باشقا ھېچ ئىشنى بىلمەيمەن. ماڭا رەھىم قىلىڭ.

كىشىلەر ئۇنىڭغا:

— قورقما، ساڭا دەيدىغان باشقا گەپ بار، — دېسە، ئۇ تېخىمۇ قورقۇپ:

— تەخسىر، مەن راستىلا ئەيىبكار ئەمەسمەن. مەن ھەتتا مالىلىرىمنىمۇ ئۇرمايمەن. ھە توغرا، بىر چاغدا بىر ئالا ئىنەك ماڭغىلى ئۇنىمىغانىدى، ئۇنىڭ مۈڭگۈزىگە بىرنى ئۇرغانىدىم... — دەپتۇ.

ۋەزىر كۈلۈپ:

— بولدى، گۇناھىڭدىن كەچتىم، ساڭا بىر ئىش تاپشۇرىمەن، پادىشاھ ئۇچۇن پادىچى بوۋاينىڭ كەنجى قىزىغا ئەلچى بولۇپ بارىسەن. ئىككى كۈندىن كېيىن جاۋابىنى ئېيتىسەن، — دەپتۇ.

پادىچى ۋەزىرگە ماقۇل بولۇپ، قىزنىڭ ئۆيىگە راۋان بوپتۇ. يولدا ئۆز ـ ئۆزىگە: «خەيرىيەت، ۋەزىرنىڭ قولىدىن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلدۇم» دەپ خۇشال بوپتۇ. پادىچى قىزنىڭ ئاتىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپتۇ. ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياقتىن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ قىزلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. ئۇ شۇ كېچە بوۋاينىڭ ئۆيىدە قونۇپ قاپتۇ ۋە بوۋاينى ماقۇل قىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەن ئىككى پادىچى بوۋاي يۇقىرى مەھەللىگە قاراپ مېڭىپتۇ. قىزلارنىڭ ئاتىسى پادىچىغا:

— مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇراي، سەن ۋەزىرنىڭ ئالدىغا بارغىن، — دەپتۇ. ئەلچى بولغان پادىچى ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۇيرۇقىڭىزنى بەجا كەلتۈردۈم، — دەپتۇ. ۋەزىر خۇش بولۇپ:

— بەللى، ئىشنى مۆھلەتتىن بۇرۇن تامام قىپسەن. بوۋاي قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بوۋاي قىزلىرىنى كۆرگىلى كەلدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادىچى. شۇ پەيتتە ئاتا ئۆز قىزلىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتقانىكەن. كەنجى قىزى ئاتىسىغا قاراپ:

— ئەگەر شاھ ماڭا ئۆيلەنمەكچى بولسا، سىزگە قىرىق تۆگە قىممەت باھالىق مال بەرسۇن، ئانامنىڭ

ۋە ئىككى ئاچامنىڭ بېشىدىن - ئايغىغىچە ئالتۇن تاقاپ، ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۈرسۇن، — دەپتۇ. بۇ گەپ پادىشاھقا يەتكۈزۈلۈپتۇ. پادىشاھ قىزنىڭ ئېيتقانلىرىنى مەردلىك بىلەن بەجا كەلتۈرۈپتۇ، ئاندىن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشىلار قىلىپ، كەنجى قىزنى ئەمرىگە ئاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي كەنجى قىز ھامىلدار بوپتۇ. بۇۋاي - موماي قالغان چوڭ قىزلىرىنىڭمۇ تويىنى قىلىپ، كۆڭۈللىرى تىنچىپتۇ.

كۈندىن كۈنلەر، ئايدىن ئايلار ئۆتۈپ، يىل توشۇپتۇ. كەنجى قىزنىڭ تۇغۇش ۋاقتىغا بىر ئاي قاپتۇ. پادىشاھ خۇشلۇقىدىن ھەر كۈنى ئوۋغا چىقار ئىكەن. كىچىك خوتۇنىنىڭ ھامىلدارلىقىدىن ئىچ ئەتلىرىنى يەپ يۈرگەن پادىشاھنىڭ باشقا خوتۇنلىرى ھەر خىل ھىيلە - مىكىرلەرنى ئويلاشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنى ۋەزىر ئاتىسىغا:

— كىچىك خانىش يېقىندا تۇغىدۇ، ئەمدى پادىشاھ بىزگە قاراپمۇ قويمايدۇ، — دەپتۇ ھەسەت قىلىپ. باشقا خوتۇنلىرىمۇ ھەسەت ئوتىدا پۇچلىنىپتۇ. ۋەزىر:

— سىلەر ھېچكىمگە ئېيتماڭلار، پادىشاھمۇ بىلمىسۇن. كىچىك خانىش تۇغىدىغان ۋاقىتتا بىر موماي تېپىپ، ئىنىكئانا قىلىمىز، قالغىنىنى موماي ئۆزى توغرىلايدۇ، — دەپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى كەنجى خانىش پادىشاھقا:

— ئەي پادىشاھىم، بۈگۈن ئەھۋالىم باشقىچە تورىدۇ، ئوردىدا ھەر خىل سۆزلەر بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ، قورقۇۋاتىمەن. بۈگۈن سىز ئوۋغا چىقماڭ، — دېگەنىكەن، ئەخمەق پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي، ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىنلا كىچىك خانىشنىڭ تولغىقى تۇتۇپتۇ. شۇ پەيتتە پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرى بىر مەككار مومايىنى چاقىرتىپتۇ. مەككار موماي پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى بىلەن گېپىنى بىر قىلىپ، كىچىك خانىشقا:

— ئەي قىزىم، بۇ ئوردىدا خانىشلارنىڭ تولغىقى تۇتقاندا كۆزلىرىنى رومال بىلەن تېڭىپ قويىدىغان ئادەت بار. سىزنىڭمۇ كۆزىڭىزنى تېڭىپ قوياي، — دەپ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى تېڭىپتۇ. كىچىك خانىش مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ، بىر - بىرىدىن چىرايلىق بىر ئوغۇل ۋە بىر قىزنى تۇغۇپلا ھالسىزلىنىپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. مەككار موماي پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرىغا: «دەرھال يېڭى تۇغۇلغان بىر چىشى، بىر ئەركەك ئوغلاقنى تېپىپ كېلىڭلار» دەپتۇ. قىرىق خوتۇن بىرلىشىپ، مومايىنىڭ ئېيتقىنىنى دەرھال بەجا كەلتۈرۈپتۇ. موماي بولسا ئىككى بالىنى بىر خالتىغا سېلىپ، يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. كىچىك خانىش ھوشىغا كەلگەندە، موماي ئىككى ئوغلاقنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ:

— بالام، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، تەقدىرىڭىز شۇ ئوخشايدۇ، ئادەم بالىسى ئورنىغا ئىككى ئوغلاق تۇغدىڭىز، بىرى ئەركەك، بىرى چىشى. پادىشاھنىڭ پېشانىسى شور ئىكەن، — دەپتۇ.

كىچىك خانىش زار - زار يىغلاپ، غەمسىز ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپتۇ. قىرىق خوتۇن بولسا خۇشال بولۇپ كۈلۈشۈپتۇ. موماي خالتىدىكى ئىككى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى كارۋانلار ئۆتىدىغان چۆل - باياۋانغا ئاپىرىپ تاشلاپ قويۇپتۇ. چوڭ خانىش پادىشاھقا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر چاپارمەننى ئەۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا:

— دەرھال بېرىپ پادىشاھقا «خوتۇنىڭىز تۇغدى» دەيسەن، «نېمە تۇغدى» دېسە، «ئىككى ئوغلاق تۇغدى، بىرى چىشى، بىرى ئەركەك» دەيسەن، — دەپ ئۇبدان تاپىلاپتۇ. چاپارمەن بېرىپ بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ غە-

زەپلىنىپ، كىچىك خانىشنى زىندانغا تاشلاپتۇ.

ئەمدى گەپنى باشقا تەرەپتىن ئاڭلايمىز: يولدىن ئۆتۈۋاتقان كارۋانلار موماي تاشلاپ كەتكەن بوۋاقلارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى بىر كىشىنىڭ بۇ بوۋاقلارغا رەھمى كېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە بۇ كىشىنىڭمۇ خوتۇنى تۇغمىغان بولۇپ، بالىسى يوق ئىكەن. بالىغا زار بولۇپ يۈرگەن بۇ ئەر - خوتۇن ئىككى بالىنى مېھرى بىلەن بېقىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارغا ھەسەن ۋە زۆھرە دەپ ئات قويۇشۇپتۇ. ئايدىن ئايلار، يىلدىن يىللار ئۆتۈپ، ھەسەن بىلەن زۆھرە يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. باققان ئاتا - ئانىسى ئۇلارنى يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ، ھەر جەھەتتىن ياخشى تەربىيەلەپ بېقىپتۇ. بالىلار كەمبەغەل بۇ ئائىلىدە ناھايىتى ياخشى تەربىيە بىلەن چوڭ بوپتۇ. ھەسەن بارغانسېرى كۈچلۈك ھەم باتۇر بولۇپ، چېلىشلاردا ئۆزىدىن چوڭلارنىمۇ يىقىتالايدىغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، تەدبىرلىك، باھادىر يىگىت بولۇپ يېتىشىپتۇ.

زۆھرە بولسا ھۈنەر ئۆگىنىپ، چىرايلىق گىلەملەرنى توقۇيالايدىغان بوپتۇ. زۆھرەنىڭ توقۇغان گىلەملىرى بازاردىكى گىلەملەردىن ئون ھەسسە قىممەت سېتىلىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ھەسەن ئاتىسىغا:

— ئاتا، ماڭا بىر ياخشى ئات، بىر قىلىچ ۋە بىر ئوقيا ئېلىپ بەرسىڭىز، — دەپ يېلىنىپتۇ. ئاتىسى ئوغلىنىڭ دېگەنلىرىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەسەن ھەر كۈنى ئوۋغا چىقىدىغان بوپتۇ. پادىشاھمۇ دائىم ئوۋغا چىقىدىكەن. لېكىن ھەسەن ياش بولغان بىلەن نۇرغۇن ئوۋ غەنىيمەتلىرى بىلەن، پادىشاھ بولسا قۇرۇق قول قايتىدىكەن. بىر كۈنى ئاتىسى ھەسەنگە:

— سىڭلىڭ بىلەن ئىككىڭلارنى بوۋاق ۋاقتىڭلاردا چۆلدىن تېپىۋالغانىدىم، مانا ئەمدى چوڭ بولدۇڭلار، — دەپ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھەسەن ئاتىسىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ:

— بىزنىڭ سىلەردىن باشقا ئاتا - ئانىمىز يوق. سىڭلىم ئىككىمىز بىزنى باققان ئەجرىڭلارغا چوقۇم جاۋاب قايتۇرىمىز، — دەپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ھەسەن يەنە ئوۋغا چىقىپتۇ. بۇ كۈنى پادىشاھمۇ ۋەزىرى بىلەن ئوۋغا چىققانىكەن. ھەسەن يەنە نۇرغۇن ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. پادىشاھ يەنىلا قۇرۇق قول قايتىپتۇ. بۇ ھال پادىشاھقا ئەلەم قىلىپ، ھەسەندىن:

— ئەي بالا، نېمىشقا دائىم بۇ يەردە ئوۋ قىلىسەن؟ كىمنىڭ ئوغلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ھەسەن بوۋاق ۋاقتىدا سىڭلىسى بىلەن ئىككىسىنى بىر كىشىنىڭ تېپىۋېلىپ، بېقىپ چوڭ قىلغىنىدىن تارتىپ، ھازىرغىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئەخمەق پادىشاھ ھېچ نەرسىنى ئويلىيالماپتۇ. ئەمما ھېلىقى ۋەزىر: «ئەسلىدە ھېلىقى بالىلار ئۆلمەي چوڭ بولغانىكەن - دە، بۇ يىگىت خۇددى ئاتىسىغىلا ئوخشايدىكەن» دەپ ئويلاپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى قىزى بىلەن ھېلىقى مومايغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ قىزى:

— ئاتا، ئاشۇ بالىلار دەل كەنجى خانىشنىڭ بالىلىرى ئىكەن - دە، — دەپتۇ. ۋەزىر:

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ باش ۋەزىرى، قىرىق خوتۇنى ۋە شۇم موماي بۇ ئىشتىن كۆپ ئەپسۇسلىنىپتۇ. پادىشاھ ئەتىسى يەنە ئوۋغا چىقىپتۇ. ھەسەنمۇ ئوۋغا چىققانىكەن. ھەسەن ئوخشاشلا نۇرغۇن ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ ۋە پادىشاھنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. ھەسەننىڭ بېقىپ چوڭ قىلغان ئا-

تىسى پادىشاھنى قىزغىن مېھمان قىپتۇ، ئۇلار كۆڭۈللۈك سۆھبەتلىشىپتۇ. پادىشاھ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ، كەنجى خانىش توغرىسىدىمۇ سۆزلەپتۇ. ئۇ كىشىنىڭ خوتۇنى بەك ئەقىللىك ئىكەن. ئۇ كەنجى خانىش توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ھەسەنگە، ئاندىن پادىشاھقا قاراپتۇ، ئىككىلىسىنىڭ چىرايىنى ۋە قاش ـ كۆزىنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىتىپتۇ، ئاندىن:

— ئەي شاھىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز، سىزگە بىر گەپنى ئېيتسام، — دەپتۇ.

— كەچتىم، قېنى ئېيتىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ.

خوتۇن گەپ باشلاپتۇ:

— سىز «مېنىڭ قىرىق خوتۇنۇم بار ئىدى، ھېچقايسىسى تۇغماس ئىدى» دېدىڭىز. ئاندىن كېيىن پادىچىنىڭ كىچىك قىزىغا ئۆيلەنگىنىڭىزنى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلاق تۇغقىنىنى ئېيتتىڭىز. مېنىڭچە، كۈنداشلار كىچىك خوتۇنىڭىزنى كۆرەلمەي، ھىيلە بىلەن ئىككى بالا ئورنىغا ئىككى ئوغلاقنى ئالماشتۇرۇۋەتكەن بولسا كېرەك. مېنىڭچە، «كىچىك خانىش ئىككى ئوغلاق تۇغدى» دېگەن گەپ يالغان. نەدىمۇ ئادەم ئوغلاق تۇغىدىغان ئىش بار؟ بىزنىڭ ھەسەن ـ زۆھرەيىمىز خۇددى سىزگە ئوخشايدۇ. كەنجى خوتۇنىڭىزنىڭ زىندانغا سېلىنغىنىغا قانچە ۋاقىت بولدى؟

— ئون ئىككى يىل بولدى، — دەپتۇ پادىشاھ ۋە پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، «ھەتتەڭ!» دەپتۇ.

— قالغىنىنى كەنجى خوتۇنىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ، نېمە دەيدىكىن؟ — دەپتۇ خوتۇن.

پادىشاھ ھەسەنني ئېلىپ ئوردىغا قايتىپتۇ. ئۇ زىندانبېگىنى چاقىرىپ، كەنجى خانىشنى زىنداندىن چىقىرىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار كىچىك خانىشنى زىنداندىن ئاچىقىپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈپتۇ. كەنجى خانىش پادىشاھقا شۇ كۈنى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يىغلاپ تۇرۇپ بىرمۇبىر ئېيتىپ بېرىپتۇ. ھەسەن ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: «ئەسلىدە ئانىمىز راست شۇ ئىكەن ـ دە» دەپتۇ ۋە ئانا ـ بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

پادىشاھ قىرىق خوتۇنىدىن بولغان ۋەقەنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرى ئارىسىدىكى بىرسى راستچىل ئىكەن، باشقا خوتۇنلار ئۇنى يامان كۆرىدىكەن. شۇ خوتۇن ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ غەزەپلىنىپ:

— جاللات، ئاۋۋال ۋەزىرنى، ئاندىن ئۇنىڭ قىزىنى دارغا ئاس! — دەپتۇ ھەمدە قالغان ئوتتۇز توققۇز خوتۇنىنى ئوردىدىن ھەيدىۋېتىپتۇ. كەنجى خانىشقا قايتىدىن قىرىق كېچە ـ قىرىق كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. ھەسەن بىلەن زۆھرە بولسا ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئورنىدا ئۆزلىرىنى مىڭ جاپادا بېقىپ، تەربىيەلەپ چوڭ قىلغان دادىسى ۋە ئانىسىنىمۇ ئوردىغا ئەكېلىۋېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىللە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: گۇما ناھىيەسىدىن ئابدۇقادىر ئىسمايىل، توپلاپ رەتلىگۈچى: گۇما ناھىيەلىك جامەئەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

«دىۋانى سۇلتان ھۇسەين مىرزا بايقارا»نىڭ بېرلىن شەھەرلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان
HS. or. 10434 نومۇرلۇق قول يازمىسىدىن ئېلىنغان سۈرەتلەر



«دىۋانى سۇلتان ھۈسەين مىرزا بايقارا»نىڭ بېرلىن شەھەرلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان HS. or. 10434 نومۇرلۇق قول يازمىسىدىن ئېلىنغان نەقىشلىك بەتلەر

源　泉（布拉克）　　بۇلاق

（维吾尔文）　总168期　　(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 168-سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编：穆合塔尔·马木提　副主编：买买提吐尔地

باش مۇھەررىر: مۇختار مامۇت　مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇھەممەتتۇردى مىرزئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市鑫五方包装彩印有限公司
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر)
ئۈرۈمچى ئالتۇن كۆزنەك رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号：CN65-1063/I
国际标准连续出版物号：ISSN 1005-0876
国外发行号：Q1118　邮政编码：830001
邮政代码：58-108　定价：8.50元
广告经营许可证号：6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1063/I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1005-0876
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108　باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043